ئۆمەر ئىسمايىل

# دىلرەباغا مەكتۇپ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۆمەر ئىسمايىل

# دىلرەباغا مەكتۇپ

( شېئىرلار )

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : **تۇردى يامغۇر**



## نەشرىياتتىن

ئۆمەر ئىسمائىل 1947 - يىلى يەكەن ناھىيىسىنىڭ بەشكەنت بازار تۆۋەن باغئېرىق كەنتىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان؛ باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يۇرتىدا تاماملاپ، 1960 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە يەكەن ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان؛ 1964 - يىل 10 - ئايدا خىزمەتكە قاتنىشىپ، ئاخبارات، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن. ئۇ، ھازىر يەكەن ناھىيىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۆمەر ئىسمائىل 1960 - يىلى ئېلان قىلىنغان «پاختىدكار» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن بۇيانقى 30 نەچچە يىل مابەينىدە خېلى بىر تۈركۈم ئەسەرلىرى ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان، بۇلاردىن بەزىلىرى كوللېكتىپ توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن ۋە ھەر دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

شائىرنىڭ «دىلرەباغا مەكتۇپ» ناملىق توپلىمى ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر تۈركۈم شېئىر، باللادا، مەسەللىرىدىن تەركىب تاپتى.

ئۆمەر ئىسمائىل شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## مۇندەرىجە

كۆردۈم ........................................ 1
قىلغان ۋەدىمىز ۋەدە ........................................ 1
سايرا ، زەرەپشان بۇلبۇلى ........................................ 4
ئانا ئۈمىدى ........................................ 5
چىن مۇھەببەت ئالدىدا ........................................ 7
ساياھەت خاتىرىسى ( چاتما ) ........................................ 9
« توختى توك » نىڭ كۆلكىسى ........................................ 14
ئاش ساتامسىز ، نەغمە - ناۋامۇ ( ساتىرا ) ........................................ 17
بېشى قاتتى « سېخىي باشلىق » نىڭ ( ساتىرا ) ........................................ 18
گېزىت ئىلھامى ........................................ 20
تۇرمۇشتىن تەرمىلەر ........................................ 21
« پارا ئالمايدىغان باشلىق » ھەققىدە قوشاق ........................................ 26
سەن قانداق بەندە ( ھەجۋىي ) ........................................ 30
« شىپالىق دورا » ........................................ 31
ئاتىلىق بۇرچى ( باللادا ) ........................................ 33
دىلرەباغا مەكتۇپ ........................................ 44
باھارغا مەدھىيە ........................................ 46
سەھرا قىزىغا ........................................ 47
پەشتاقتىن ھاڭغا ( ساتىرا ) ........................................ 48

تەبرىكلەيمەن تويۇڭنى ، سىڭلىم ...... 49
ئۇت ئۇينىما ، ھەي بالا ...... 51
« پاش قىلىش ساندۇقى » نىڭ شىكايىتى ( ساتىرا ) ...... 52
« داستىخان بەيگىسى » تۇگەيدۇ قاچان ( ساتىرا ) ...... 55
جاندىن كەچمىگەن جانانغا يەتمەس ...... 56
گۈزەل قەشقەرنى كۆرگەندە ...... 58
قايان كەتتىڭ گۈزەل ياشلىقىم ...... 60
گۈزەل كۈيباغ ...... 61
غەزەللەر ...... 63
مۇقام ئىلھامى ...... 69
مۇنار ۋە چاشقان ( مەسەل ) ...... 70
تۇزكورنىڭ جازاسى ( مەسەل ) ...... 73
نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك ( چۆچەك ) ...... 76
رۇبائىيلار ...... 84
قىممەتلىك سوۋغات ...... 85
ئانا ، مېنىڭ ئۆز خىلىم بار ( تەخمىس ) ...... 87
يەكەنگە مەدھىيە ...... 90
ئەلۋىدا ، شائىر سۈزۈك ...... 92
مۇقام ھەققىدە قوشاق ...... 93
جەڭچىلەر ...... 95
ئورمانلارنىڭ مۇراجىتى ( ھەجۋىي ) ...... 96
تۇرابەگنىڭ پىلانى ( ھەجۋىي ) ...... 98
قەمبەرخانىمغا مەرسىيە ...... 100

يۇرتداشلارنىڭ شەپقىتى ........ 101

يۇلغۇنغا مەدھىيە ........ 103

كاتتا تىرى ........ 104

جانان ئىشقىدا ياگرىغان كۆيلەر ( چاتما ) ........ 107

يېڭى يىلغا ........ 109

پۇل ئامانەت قويسىڭىز ........ 110

چېكەرمەنگە ........ 112

نورۇز ئىلھامى ........ 113

ئاشلىق ھەققىدە مۇخەممەس ........ 114

سەبىيلەر سىداسى ........ 117

شەرەپ سەھنىسىدە ........ 120

خەلقنىڭ كادىرى بولساڭ ........ 123

زەرەپشان سۆيگۈسى ........ 125

ئاش ـ نانىنىڭ شىكايىتى ( ھەجۋىي ) ........ 127

تۆۋەندىن سادا ........ 131

سۈيقەستچىگە خىتاب ........ 134

## كۆردۈم

ۋەتەن ، نۇرلۇق جامالىڭدىن باھار رۇخسارىنى كۆردۈم ،
بېغىڭدا ياشنىغان خۇش بۇي رەڭمۇ-رەڭ گۈلزارىنى كۆردۈم .

نەزەر تاشلاپ پايانسىز تاغلىرىڭغا زوقلىنىپ بىر پەس ،
گۆھەر ، زەرگە تولۇپ تۇرغان خەزىنە كانىنى كۆردۈم .

ئۈزۈپ دەريالىرىڭدا شوخ دىلىم شادلىققا لىق تولدى ،
ئىچىپ قانماس گويا بالدەك شارابىم جامىنى كۆردۈم .

تۇرۇپسەن قىشۇ ياز كۆركەم ، خىجىلدۇر جەننەتۇل مەئۋا ،
قىلىپ سەيلە قۇچاقىڭنى گۈزەللىك تاجىنى كۆردۈم .

يۈرەكتە ئوت بولۇپ ئىشقىڭ مېنى ئىلھامغا چۆمدۈردى ،
قايان بارسام خۇشال بەزمە ، مۇقامۇ سازىنى كۆردۈم .

1964 - يىل ، ئۆكتەبىر

## قىلغان ۋەدىمىز ۋەدە

( ئېيتىشىش )

ئادىل : قاراپ كۆزلىرىم تالدى ،
يولۇڭغا گۈزەل رەنا .
دەردىمگە داۋا بولغىن ،
سۆزلىرى ھەسەل رەنا .

رەنا : ھوشۇڭدىن كېتىپ قاپسەن ،
يولۇڭدىن ئېزىپ قاپسەن .
مەندەك ئاددىي ئىشچىنى ،
دوختۇر دەپ بىلىپ قاپسەن .

ئادىل : گەپنى تولا ئويناتماي ،
دەرد ئۈستىگە دەرد قاتماي .
سۆزۈمگە جاۋاب بەرگىن ،
كۆزۈڭگە كۆپ قاراتماي .

رەنا : سائەتمۇ توشۇپ قالدى ،
ئىش ۋاقتى بولۇپ قالدى .
سۆزلىشىشكە رايىم يوق ،
دوستلار سېخقا يول ئالدى .

ئادىل : توختىغىن جېنىم رەنا ،
بار ئىدى گېپىم رەنا .

رەنا : مەن بىزار قۇرۇق گەپتىن ،
قويمىغىن مېنى سەپتىن .

ئادىل : بىلگەنسەن جېنىم سەنمۇ ،
ئىشقىڭدا كۆيۈپ يۈردۈم .
كۆزۈم ئۇيقۇغا بارسا ،
چۈشۈمدە سۆيۈپ يۈردۈم .

رەنا : ئاتىغانمەن خەلقىمگە ،
ياشلىقىم ـ باھارىمنى .
يېتەرمەن مۇرادىمغا ،
ئورۇنلاپ قارارىمنى .

ئادىل : قايىلمەن جېنىم رەنا ،
غايەڭگە ، ئىرادەڭگە .
توي قىلىش ئىشى بەلكىم ـ
پۈتۈلگەن پېشانەمگە .

رەنا : يىگىتنى تېپىش ـ تاللاش ،
ئۆزۈمنىڭ ئىشى ، ئادىل .
پەش قېقىپ يۈگۈرگەنلەر ،
قىلالماس مېنى قايىل .
مۇھەببىتىڭ راست بولسا ،
بەيگىدە ئۆزۈپ چىققىن .
يارىتىپ يېڭى تۆھپە ،
شان ـ زەپەر قۇچۇپ چىققىن .
شۇ شەرتكە كۆنەلەمسەن ،
مەن بىلەن يۈرەلەمسەن ؟

ئادىل : يار ۋەسلىگە يەتمەكنى ،
قەلبىمگە پۈكۈپ قويدۇم .
شەرتىڭنى ئورۇنلاشقا ،
جېنىمنى تىكىپ قويدۇم .

رەنا :        قولغا تۇتىشىپ قولنى ،
ئىشلەيلى راسا قاتتىق .
قۇرايلى يېڭى دەۋران ،
ئۆتسۇن ئۆمرىمىز تاتلىق .

بىرلىكتە : قىلغان ۋەدىمىز ۋەدە ،
قويمايمىز ئۇنى يەردە .

1978 - يىل ، فېۋرال

## سايرا ، زەرەپشان بۇلبۇلى

قايناق چېلىشىنىڭ دۇلدۇلى ،
سەنئەت بېغىنىڭ بىر گۈلى .
داڭلايدىكەن خەلقىم سېنى ،
سايرا ، زەرەپشان بۇلبۇلى .

كۈيلە ھامان مەردانىنى ،
مېھنەت سۆيەر پەرۋانىنى .
چېكىپ يۈرەكلەر تارىنى ،
سايرا ، زەرەپشان بۇلبۇلى .

دىلىڭدا يۇرتىنىڭ ئىشقى بار ،
چېھرىڭدە لەيلى ھۆسنى بار .
تاڭ قوينىدا سەن بەختىيار ،
سايرا ، زەرەپشان بۇلبۇلى .

1979 - يىل ، مارت

# ئانا ئۈمىدى

ھال سوراش ئۈمىكى كېلىپ يېزىغا ،
ئايمخان ئانىنى يوقلىدى دەسلەپ .
ئۇرغۇدى ئانىنىڭ يۈرەك شادلىقى ،
ھەربىرىلەر ئاتايىن كەلگەچكە ئىزدەپ .

ھاياجان ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئانا ،
ئۇلارنى ئۆيىگە باشلىدى تېزدىن .
كۆرۈپ ئوغلىنى كۆرگەن كۆز بىلەن ،
ئادىتى بويىچە كۈتتى بەك قىزغىن .

ئۆي ئىچى بىردىنلا كەتتى جانلىنىپ ،
چېلىندى خۇشال ساز ، باشلاندى ئۇسسۇل .
باتۇرلار شەنىگە ياڭرانتى ناخشا ،
دەۋرىمىز كۈيچىسى خۇش ناۋا بۇلبۇل .

سوۋغىنى سۇنغاندا ئۆمەك باشلىقى ،
بىلدۈرۈپ ئانىغا ئېھتىرام - ھۆرمەت .
دېدى ئۇ : ئوغلىڭىز كۆتۈرگەن تۇغنى ،
چىڭ تۇتۇپ ۋەتەننى قوغدايمىز ئەبەد ...

سۆز ئېلىپ مويسىپىت ئانىمۇ شۇچاغ ،
دېدىكى : مەرد ئوغلۇم ۋەتەنىنىڭ پەخرى .
ئاشقاندا ھەددىدىن ئۇرۇش خۇمارلار ،
پارتلىدى ۋولقاندەك غەزىپى - قەھرى .

خۇشلىنىپ مەن بىلەن بولۇپ زەبەردەس ،
كۆتۈرۈپ قورالنى ماڭغان سەپەرگە .
ئاڭلىسام دۈشمەننى قىلىپ كۇمپەيكۇم ،
ئېچىپتۇ داغدام يول شانلىق زەپەرگە .

يېگىتلىك بۇرچىنى قىلغاچقا ئادا ،
مىڭ رازى كۆز نۇرۇم ، پەھلىۋانىمدىن .
پۈركەندى گۈللەرگە ئۇنىڭ قەبرىسى ،
ياغماقتا تەشەككۈر ھۆر دىيارىمدىن .

ئوغۇلسىز قالدىم دەپ چەكمەيمەن پىغان ،
چوڭ - كىچىك ھەممىسى دەيدۇ ئانىمىز .
ھەر كۈنى ئۆيۈمگە كېلىپ نەچچىسى ،
سورايدۇ : نىمە كام ، ھازىر تاپىمىز .

راست ئېيتسام ، بۇ يۇرتتا ئەتىۋارلىق مەن ،
ئالەمچە شادلىقتىن بولدۇم بەھرىمەن .
ھېيت - ئايەم كۈنلىرى قىزىيدۇ ھويلام ،
ھەتتاكى شۇجىمۇ بىللە مەن بىلەن .

ئۈمىدىم شۇ مېنىڭ تۇتۇڭلار ئەستە ،
پىداكار بولۇڭلار ھالقىلىق پەيتتە .
قوزغۇنلار كۆكسىنى قىلىپ مىڭ پارە ،
شان - زەپەر قۇچۇڭلار جەڭگىۋار سەپتە ...

ئاننىڭ ئۈمىدى گويا نەقىشتەك ،
يۈرەكلەر قېتىغا ئورناشتى مەھكەم .
دېيىشتى ھەربىيلەر : قەھرىمان ئانا ،
ئۈمىدىڭ ئاقلاشقا بېرىمىز قەسەم ...

1980 - يىل ، فېۋرال

## چىن مۇھەببەت ئالدىدا

( « غېرىب - سەنەم » ناملىق كىنو فىلمىنى كۆرگەندىن كېيىن )

ۋەز - نەسىھەت بىكېرەكتۇر چىن مۇھەببەت ئالدىدا ،
ئەيش - ئىشرەت بىكېرەكتۇر چىن مۇھەببەت ئالدىدا .
نامۇ شۆھرەت بىكېرەكتۇر چىن مۇھەببەت ئالدىدا ،
غەيرىي ئۆلپەت بىكېرەكتۇر چىن مۇھەببەت ئالدىدا ،
دەردى - كۈلپەت بىكېرەكتۇر چىن مۇھەببەت ئالدىدا .

يارۇ جانان ئىشقى دىل بوستانىنى قىلسا ئەسىر ،
قىلمىغاي تەڭ پەرىگە گەر ئاشىقى بولسا بەسىر .
تەركىدۇنيا بولغۇسى چۆلدە قۇرۇپ بارگاھ ، چېدىر ،
تاپسا دىلدارىنى ئۆگكۈر بىلىنەر ئالتۇن قەسىر ،
تاجۇ دۆلەت بىكېرەكتۇر چىن مۇھەببەت ، ئالدىدا .

بولسا جۇدا دىلرەبادىن ياز ئاڭا بولغۇسى قىش ،
قەلبىنى ئۆرتەپ ھەمىشە « ئاھ » ئۇرۇش ۋە خورسىنىش .

سۆيۈنەر جان يار بىلەن ياتسا قويۇپ باشىغا خىش ،
شۇ سەنەمدەك مەشۇقەدە يوق كۆمۈش - زەرگە ئېزىش ،
زىبۇ زىننەت بىكېرەكتۇر چىن مۇھەببەت ئالدىدا .

چىن ۋاپادارى ئۈچۈن تارتىپ پىراق شامۇ سەھەر ،
قىلمىغاي ناله پەقەت يول توسسىمۇ مىڭلاپ خەتەر ،
ئايرىلىپ ئۆز ياردىن ئىچكەن شاراب بولغاي زەھەر ،
كىرمىگەي ئول نەپسى شەيتان كەينىگە ئەيلەپ ھەزەر ،
نازۇ نېمەت بىكېرەكتۇر چىن مۇھەببەت ئالدىدا .

دەيدىكەن : بارچە كېسەلنىڭ مەلھىمى - شىپاسى بار ،
ۋە لېكىن ئىشقى پىراقىغا ھېچنېمە قىلمايدۇ كار ،
كەلسىمۇ لوقمان ھەكىم ، دەيدۇ : « بىتاب سەن قايدا يار ... »
خۇددى سەھرايى كەبىردەك بىلىنەر گۈلشەن دىيار ،
ئۆزگە شەپقەت بىكېرەكتۇر چىن مۇھەببەت ئالدىدا .

ئەي مۇھەببەت ئەھلى ئاڭلا ، دىل سۆزۈم ئەيلەي بايان ،
ساتسا كىم ۋىجدانىنى قىلغاي سەپەر ئول گۆر تامان ،
ھەر كىشى يەتكەي مۇرادقا بولسا جۈرئەتلىك ھامان ،
نەچچە مىڭ شاتىرنى گۇم قىلغاي غېرىبتەك تىكسە جان ،
داغى ھەسرەت بىكېرەكتۇر چىن مۇھەببەت ئالدىدا .

1982 - يىل ، نويابىر

# سایاھەت خاتىرىسى

( چاتما )

## چىرایلىق

بېيجىڭ گۈزەل پايتەختىم ، گۈلخانىلىرىڭ چىرايلىق ،
چوغدەك قىزىل جۇنزىلەن - رەيھانلىرىڭ چىرايلىق ،
ماھى تابان ، قولى گۈل ، ئۆزى چاققان ، ئەدەبلىك ،
كۆزى شەھلا ، شېرىن سۆز ، چولپانلىرىڭ چىرايلىق .

ماشىنىلار غارقىراپ ئۈزۈلمەستىن قاتنىغان ،
لامپۇچكىلار كۆكتىكى يۇلتۇز كەبى چاقنىغان .
كۈندۈز - تۈننىڭ پەرقى يوق ، خېرىدارى بىھېساب ،
ئاسفالتلىق ، كەڭ كوچا - مەيدانلىرىڭ چىرايلىق .

قۇچىقىدا سەيياھلار خۇشال بەزمە تۈزۈشكەن ،
ئاققۇلاردەك تىزىلىپ قېيىقلاردا ئۈزۈشكەن ،
بېيىخەي ، جۇڭشەن ، يىخېيۈەن ، دۇڭۇۋيۈەندەك
چىمەنزار -
قۇشلار خۇشال سايرىغان بوستانلىرىڭ چىرايلىق .

بۇلۇتلارغا تاقاشقان بىنالىرىڭ قامىتى ،
سېنى كۆرۈش ھەر كىمنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز ئامىتى ،
دۇنيانىڭ ھەر يېرىدىن قۇچىقىڭغا تەلپۈنۈپ ،
كەلگەن ئەزىز ، ئاق كۆڭۈل مېھمانلىرىڭ چىرايلىق .

تەقدىم قىلىپ بارىنى سېنى شۇنداق ياشناتقان ،
شانۇ زەپەر سازىنى كەڭ جاھانغا ياڭراتقان ،
پاراسەتلىك ئىجادكار ، كۈچ - قۇدرىتى تەڭداشسىز ،
مىليونلىغان ئوت يۈرەك ئىشچانلىرىڭ چىرايلىق .

## قەھرىمانلار خاتىرە مۇنارىسى ئالدىدا

تيەنئەنمېن ئالدىدىن ئۆتكەن چېغىمدا ،
خاتىرە مۇنارنى قىلدىممەن تاۋاب .
تۈمەنمىڭ باتۇرنىڭ شانلىق ئوبرازى
قەلبىم ئېكرانىدا پارلىدى شۇتاپ ؛
سېغىنىش ئىلكىدە يازدىم مەرسىيە ،
جان پىدا ئەيلىگەن پالۋانغا ئاتاپ .

ئەتراپى ئورالغان گۈل - چېچەكلەرگە ،
ئارچىلار ياراشقان ئاڭا ناھايەت .
قانلارنىڭ ئىزىدىن ئېچىلغان لالە ،
مەھلىيا ئەيلىدى دىلنى كارامەت .
جاسارەت داستانى ياڭرىغاچ شۇدەم ،
قەلبىمدە جۇش ئۇردى غەيرەت - جاسارەت .

ھەتتىخى بۇ يەردە قاينايدۇ ھايات ،
خاتىرە كۆنلىرى كەلگەندە يېتىپ .
كېلىدۇ مەكتەپتىن ،
ئېتىزدىن ،
خاڭدىن ،

ئادەملەر دېڭىزى سەل كەبى ئېقىپ .
ئۈلارنىڭ قولىدا ئاق گۈل چەمبىرەك ،
تۈرىدۇ ھۆرمەتتە بېشىنى ئېگىپ .

•

ھەقىقىي قەھرىمان ئۆلمەيدۇ مەڭگۈ ،
چاقنايدۇ دىللاردا روھى نۇر چېچىپ ،
ماڭىدۇ يول ئېچىپ سەپنىڭ ئالدىدا ،
يۈرۈش سىگنالىنى جاراڭلىق چېلىپ .
ئەۋلادلار شۇلارنىڭ بولۇپ ۋارىسى ،
قۇچماقتا شان - زەپەر ، توسقۇنلار يېرىپ .

## قالدى بىر ئىز

ھەر مىللەت ئۆزىگە خاس ئادەت بىلەن ،
كۈتىدۇ كەلسە ئەزىز مېھمانلىرى .
تولىدۇ ياڭزا - ياڭزا نېمەتكە لىق ،
جوزىسى
ھەمدە سېخىي داستىخانلىرى .

× ×

قىلغانتۇق قەدەم تەشرىپ يەنبيەنگە ①
گۈل تۇتتى كىچىك دوستلار سوراپ تىنچلىق .

---

① يەنبيەن — جىلىن ئۆلكىسىنىڭ يەنبيەن چاۋشيەنزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى .

چاڭبەيشەن قۇچاق ئاچتى «مەرھابا!» دەپ،
تۇمەنمىڭ خۇش چىرايلار باقتى ئىللىق.

ئاباجى ① تۆرگە تەكلىپ قىلدى دەرھال.
ئامانى ② كۈلۈپ خۇش خۇي چاي راسلىدى.
ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن تۇغقانلاردەك
بىر ھازا قۇچاقلاشتۇق دىل يايرىدى.

چوكانلار قىلىپ نازىم تۇتتى قەدەھ،
تۈگىمەس شادلىقنى ئەيلەپ بايان.
باغلاندى ئۈزۈلمەسكە دىل رىشتىمىز،
كەۋسەرنى گۈپۈلدىتىپ ئىچكەن ھامان.

تولۇن ئاي تاغ كەينىگە مۆككەندىمۇ،
ئەۋجىگە چىقتى يەنە نەغمە ـ ناۋا.
يۈرەككە ھۇزۇر بەخش ئەتتى بەزمە،
پەلەككە دوستلۇق كۈيى ياڭراپ راسا.

خوشلاشتۇق،
كۆڭۈللەردە قالدى بىر ئىز،
ئەسىرلەر ئۆتسىمۇ گەر ئۆچمەيدىغان.
دېڭىزلار قۇرۇپ تاغلار تۈزلەنسىمۇ،
قەلبىمىز ئاسماندىن كۆچمەيدىغان.

---

① ئاباجى — ئاتا مەنىسىدە.
② ئامانى — ئانا مەنىسىدە.

## سەددىچىننىڭ چوققىسىدا

سەددىچىن ئالەم ئارا مەشھۇر سىمۋول ،
كۆرگىلى كەلدىم سېنى زەرەپشاندىن .
ئۇستۇڭگە چىقسىپ ھەريان سالسام نەزەر ،
يۈرىكىم تىپچەكلىدى ھاياجاندىن .

بىلىمەن ، ئۇزۇنلۇقتا يىگانىسەن ،
سوزۇلغان يىراقلارغا ، يوق پايانىڭ .
باب ئىكەن سېنىڭ ئىسمى جىسمىڭغا ھەم ،
« ئون مىڭ لىلىق بۈيۈك سىمۋول » دېگەن نامىڭ .

چاقناتتى كۆزلىرىمنى ئوتقاش كەبى ،
ئەجدادلار تۆككەن ئاشۇ قان ئىزلىرى .
كۆمۈلگەن خىش ئورنىدا ساڭا كۆرمىڭ
يوقسۇلنىڭ بەرنا يىگىت ھەم قىزلىرى .

جۇڭخۇانىڭ تارىخىغا بولۇپ شاھىت ،
كەلدىڭسەن تۇرۇپ مەغرۇر قانچە زامان .
يېزىشتى داستانلارنى شائىرلىرىڭ ،
قىسسەڭنى ئەۋلادلارغا ئەيلەپ بايان .

قەھرىمان خەلقىمىزنىڭ جاسارىتى ،
چېھرىڭدە قۇياش كەبى پارلايدىكەن .
شۇ ئۇچۇن ھەر كۆڭلۈكى زوقمەنلىرىڭ ،
قانچە رەت سەيلە قىلىپ قانمايدىكەن .

1983 ـ يىل ، ماي

# « توختى توڭ » نىڭ كۈلكىسى

بار ئىدى يۇرتۇمدا بىر قاۋۇل دېھقان ،
كۈن بويى بىردەم بىكار تۇرمايدىغان .

قالمايتتى ئۇ پەقەت ئىشتىن ھېچ ھېرىپ ،
سالسىمۇ سۆرەمگە گەر قوشتىن ئېلىپ .

ئەمما زەھال ـ ئوقىتى بەك پەس ئىدى ،
ياخشىراق كۈن ئۆتكۈزۈشى تەس ئىدى .

دەيتتى ئۇ : « بولغان بىلەن گۆگفىن پەۋەس ،
تەگمىسە ئاش ـ پۇل ساڭا ھېساب ئەمەس .

بەزىلەر ياغ چايىندى تارتماي جاپا ،
ئويىندى داۋام سۈرۈپ كەيپى ـ ساپا .

ئۆيىمۇ ئۆي ئادەم يىغىپ ئەترەت بېشى ،
چاپسىمۇ يۈكسەلمىدى ئومۇم ئىشى ... »

توختىكامنىڭ سۆزلىرى ھەق تۇرسىمۇ ،
ئاڭا پاكىت قۇم كەبى تەق تۇرسىمۇ .

بەزىلەر سەكرەپ چىقىپ : « بۆھتان » دېدى ،
چوڭ پىپەنىنىڭ قاينىمدا تاجغىدى .

رەنجىگەچ راست گەپ قىلىپ كىرسىز دىلى ،
يۈرىدى ئۇ قاپاق تۈرۈپ كۆپتىن بېرى .

دەيتتى بارچە : « توختىكامنىڭ سۆزى ئوڭ ،
ۋە لېكىن خۇلقى - مىجەزى بەكمۇ توڭ ... »

ئاتىشاتتى « توختى توڭ » دەپ ئامۇ خاس ،
بۇ لەقەم قالدى سىڭىپ كەلگەچكە ماس .

× × ×

بىر كۈنى يۇرتۇم تامان قىلدىم سەپەر ،
ئۆگىنىپ تۇرمۇشنى يازماققا ئەسەر .

يەتكىنىمدە مەھەللىگە شادلاندىم ،
كۈتۈلمىگەن مەرىكىگە باشلاندىم .

توختىكام ئىكەن ئۇنىڭ ساھىبخېنى ،
قىپتۇ ياتلىق چوڭ قىزى گۈلتاجىنى .

ئۇ مېنى كۆرۈپ دېدى : « كەلگىن بالام ،
ئەمدى سەھرا تويىنى كۆرگىن بالام ... »

مەن دېدىم : « ئېيتىڭ ، قاياقتىن چىقتى كۈن ،
شادلىقىڭىز تەنگە سىغماپتۇ بۈگۈن ؟ ! »

ئۇ دېدى سىلاپ ساقال : كۈلدى يۈرەك ،
بەختىيارلىق گۈللىرى ئاچتى چېچەك .

ئېشى پېشماس داشقازان كەتكەچ سۇنۇپ ،
ياشىرىپ قالدىم بۆلەكچە كۈچ تولۇپ .

ئاشتى بەرگەن ھۆددىدىن ئاشلىقلىرىم ،
نەچچە مىڭ كويى پۇلنىمۇ قىلدىم كىرىم .

كالا ، قوي ، ئۆچكىلىرىم بەكمۇ سېمىز ،
ئىچىمىز چاي ئورنىغا سۈت ھەم قىمىز .

ئوخشىدى قوغۇنلىرىم ساي تېشىدەك ،
تەمى قەنت ، ھەر دانىسى ئات بېشىدەك .

مۇندىن ئۈچ يىل ئىلگىرى ئالدىم سوپەك ،
بولدى مۈشكۈلۈم ئاسان ئەمدى ، دېمەك .

بار تېخى مېھمانخانامدا تېلېۋىزور ،
كۆرىمىز كىنو - تىياتىر بەھۇزۇر .

ياسىدىم ئازادە - كەڭ ئايۋان - ساراي ،
ئۆزگىرىپ ئىسمىم ئاتالدى « يېڭى باي » .

رازىمەن كومپارتىيەمدىن يۈزدە يۈز ،
تەگمىسۇن مۇنداق ئىسىل دەۋرانغا كۆز .

× × ×

« توختى توك » نىڭ كۈلكىسى ئىلھام بولۇپ ،
نەزمىگە قاتتىم ئۇنى زوققا تولۇپ .

بۇ دېمەك سانسىز دېھقاننىڭ كۆلكىسى ،
بولغۇسى بۇندىن باياشات كەلگۈسى .

1983 ـ يىل سېنتەبىر ، بەشكەنت

## ئاش ساتامسىز ، نەغمە ـ ناۋامۇ

( ساتىرا )

ئاشخانىڭىز يېنىدىن ئۆتسەم ،
تۇۋلىدىڭىز : « پولۇ پىشتى » دەپ .
بۇنى ئاڭلاپ كىرىپ قاپتىمەن ،
كېتىش ئۈچۈن چۈشلۈك تاماق يەپ .

بىر تەرەپتە ئۈنئالغۇڭىزدىن
جاراڭلاپتۇ خوپ ئېسىل ناخشا .
قۇلىقىمغا ياقمىدى ، چۈنكى
ئېسۇ مەيلىم قالغاچقا ئاشتا .

جوزىلاردا سەيلەر ، سۆڭەكلەر
ئەيلىگەن كۆپ چىۋىنلەرنى رام .
تەگمەپتۇ ھېچ يەرگە سۇپۇرگە ،
مورىغىلا ئوخشاپ قاپتۇ تام .

ئۇنى ئاز دەپ كۈتكۈچىلەرنىڭ ،
چىرايىدىن ياغىدىكەن مۇز .
يوق ئۇلاردا قىلسامۇ تەخىر ـ
خېرىدارغا قارايدىغان كۆز .

« ئۇستام ... » دېسەم،
« مانا هازىرلا ! »
دەپ قويدىڭىز، چىقمىدى ھېچ ئاش.
ساقلاپ پېشماس تامىقىڭىزغا،
قورساق ئېچىپ ئايلاندى بۇ باش.

مېھمانلارنىڭ ئىنكاسى بىلەن
لىق توشۇپتۇ پىكىر دەپتىرى.
دەپتۇ: « بىزنىڭ ۋاقتىمىز يوقتۇر،
ئولتۇرۇشقا كۆتۈپ كۆنسېرى ».

چىقىپ كەتتىم،
باشقىلارمۇ ھەم...
كەلتۈرمىگەچ چاي يا غىزامۇ.
ئېيتىڭ ئۇستام،
كەسپىڭىز نېمە؟
ئاش ساتامسىز، نەغمە - ناۋامۇ؟

1983 - يىل، ئۆكتەبىر

## بېشى قاتتى « سېخىي باشلىق » نىڭ

( ساتىرا )

يۇرت ئىچىدە باشلىقىمىزنىڭ،
« كەڭ قوللۇق » دەپ تارالغان نامى.
مېھمان ئۇچۇن ئاسماندىن ئاينى -
ئۈزەي، دەيدۇ گەر يەتسە چامى.

يۇقىرىدىن كەلسە مېھمانلار ،
بۇ تەرەپكە تەكشۈرۈپ خىزمەت .
« ئاۋۋال تائام ، ئاندىن كالام » دەر ،
ئاشخانىدا كۆرسىتىپ ھۆرمەت .

ئېسىل تاماق ، ئىچىملىكلەرنى
جوزىلارغا تىزىدۇ رەتلىك .
شامالدۇرغۇچ ، ئىشتەي نەغمىسى —
ئورنىتىدۇ بىر چەتكە ئەپلىك .

قىلدۇرىدۇ مېھماننى سەيلە ،
مەنزىرىلىك جايلارغا باشلاپ .
ماشىنىلار ئادەم توشۇيدۇ ،
نەچچە كۈنلەپ بىكارغا قاتناپ .

تۈگىگەندە ساھىبخانلىقى ،
بوغالتىرغا قىلىدۇ جاكار :
« ئومۇمغىلا ئۇرغىن چىقىمنى ،
ھۆججەتلەرنى توغرىلاپ راسا . »

ئەل ئەجرىنىڭ قەنتىنى چىقىش ،
بولغاچ ئاڭا يۈز تېپىش يولى .
بىكاردىنلا بۇزۇپ — چېچىلدى ،
كۆپچىلىكنىڭ توپلىغان پۇلى

باشلانغاندا تەرتىپكە سېلىش ،
« مىزان » ئۇنى سوراققا تارتتى .
زىيابەتتە بۇزۇپ چېچىلغان –
بەش مىڭ سومنى گەدەنگە ئارتتى .

بېشى قاتتى « سېخىي باشلىق » نىڭ ،
« بايۋەچچىلىك » ئاقمىدى ھامان .
نېمە چارە ئەمدى ئۇنىڭغا ،
قىلمىشىغا قىلسا پۇشايمان ؟ !

1986 - يىل ، ئاپرېل

## گېزىت ئىلھامى

( « يەكەن گېزىتى » نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن )

ئاشىقلىق مەن سېنىڭ بوستانىم گېزىت ،
چېھرىڭدە نامايان دەۋرانىم ، گېزىت ،
كۈيلىنەر ناخشاڭدا باھارىم ، گېزىت .
ھەر كۆرسەم جۇش ئۇرار ئىلھامىم گېزىت ،
ياڭرايدۇ شەنىڭگە ئەشئارىم ، گېزىت .

دىيارىم قوينىدا بولۇپسەن مۇنبەر ،
تارقاتتىڭ ئەڭ يېڭى ئىشلاردىن خەۋەر .
سەن بىلەن ئاياندۇر ئەل قۇچقان زەپەر ،
يەتكۈزدۈڭ ئۇچۇرلار ھەر شامۇ سەھەر ،
قەلبلەر تۆرىدە مېھمانىم ، گېزىت .

تەنقىدىڭ بىتابىنىڭ مەلھىمى ، شىپاسى ،
جاراڭلار ئۇنىڭدا ئەلنىڭ ساداسى .

ئويغىتار بولۇپ ئۇ تاڭنىڭ ساباسى ،
تۈزۈلەر ئۇ بىلەن ئىشنىڭ خاتاسى ،
تەربىيىچىم ، ئەينىكىم ، غەمخانىم گېزىت .

ھەۋەسكار دوستلارغا بىر ياخشى مەيدان ،
كاسالەت تېپىشقا بېرىسەن ئىمكان .
بېغىڭدا بۇلبۇللار ئۇرىدۇ خەندان ،
قوينۇڭدا ئىجادكار قىلىدۇ جەۋلان ،
بارچە گۈل ئېچىلغان گۈلزارىم ، گېزىت .

جامالىڭ شەھلالىق چولپان ، بىغۇبار ،
سۆزلىرىڭ يېقىملىق ، گويا بال تامار .
دوست تۇتسا سېنى كىم داۋانلار ئاشار ،
قارايمەن يولۇڭغا بولۇپ ئىنتىزار ،
مۇشتەرىڭ مەن سېنىڭ جانانىم ، گېزىت .

1986 - يىل ، سېنتەبىر

## تۈرمۈشنىڭ تەرمىلەر

### 1

چۈشكەن چاغدا خەققە ھاجىتىڭ ،
تولغان ئىدى كۆزلىرىڭ ياشقا .
قېتىۋاپسەن مۇز كالتىكىدەك ،
ئاغزىڭ ئاران تەگكەندە ئاشقا .
ئۆمرۈڭ بويى ئۆتەمسەن شۇنداق ،
چاچ چىقمامدۇ چۈشۈرگەن باشقا ؟ !

2

غەيۋەتخورلار مۆكۈپ دالدىغا ،
تارقاتسىمۇ كۆپ پىتنە ـ پاسات ؛
قالدى نەپرەت تېشى ئاستىدا ،
بولۇپ ئاخىر بازىرى كاسات .
قالمايدىكەن خۇيىدىن بىراق ،
يەپ تۇرسىمۇ كۈندە مىڭ كاچات .

3

يالغۇز سىمۇ خىبەردار قانچە ،
مال ئىگىسى دەيدۇ : « كەم بولار » .
كېلىشەلمەي كەتتى ئاخىرى ،
قىلىنسىمۇ شۇنچە كۆپ سالا .
مەن دېيمەنكى ، « ھەر ئىككىلىسى ،
ئىنساپلىقراق بولسا نېمە بولار ؟ »

4

سوراپ قالدىڭ : « قەيەردە بار ، ـ دەپ ، ـ
زىددىيەتتىن خالى تىنچ ماكان ؟
نەگە بارسام چاپلىشىپ ماڭا ،
ئۆيۈتتىغۇ يۈرىكىمدە قان ... »
مەن دېدىمكى : « قورقساڭ ئۇنىڭدىن .
بولۇش كېرەك گۆرگىلا راۋان ... »

5

بىر اۋنىڭ تىرىقتەك ئەيىب ـ نۇقسانى ،
كۆرۈندى تاغ بولۇپ ، ئوت ئاچتىڭ ئاڭا .
ماختاندىڭ ئۇيالماي « سۈتتىنمۇ ئاق » دەپ ،
كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ يۈزۈڭدە قارا .
ئېيتقىنا ، ئۆردەكتىن ئالدىڭمۇ تەلىم ؛
نە ئۈچۈن قىلچە سۇ يۇقمايدۇ ساڭا ؟ !

6

بىر قاچا ئاش پاتقان قورساققا ،
پاتماپتۇ بىر جۈملە ئۇششاق سۆز .
جىدەلگە مىڭ يەردىن بەل باغلاپ ،
تىللىدىڭ قوشناڭنى يۇمۇپ كۆز .
بۇگۈنلا كېتەمسەن دۇنيادىن ،
بىلەمسەن نومۇسنى يوقمۇ يۈز ؟!

7

ۋارقىراپ قويغانلا كىشىنى كۆرۈپ ،
« بىلىملىك » دەيدىكەن بەزى هاماقەت .
ئۇنداقلار سورۇننى كېيەر بېشىغا ،
دېيىشىپ : « تۇۋلىساق كېلىدۇ ئامەت » .
قىلىنسا مۇبادا ئاۋازلا ئۆلچەم ،
ئېشەكنى هارۋىغا قېتىش نە هاجەت ؟ !

## 8

تۇغۇلغانىنىڭ ئۆلمىكى بەرھەق ،
ئىچكەن چاغدا ئەجەل شەربىتى .
لايىقىدا نىشان قالدۇرۇپ ،
بۇ جاھاندىن كېتەر ھەر بىرى .
نېمە مەنە ئۇنداق ھاياتتىن ،
قالسا ئاپئاق ئۆمۈر دەپتىرى ؟ !

## 9

مامۇق ياستۇق قىلىپ تۆھپەڭنى ،
ئۇخلاۋەرسەڭ شېرىن چۈش كۆرۈپ .
ئۆركەشلىگەن ھايات دولقۇنى ،
تاشلار سېنى بىر چەتكە سۈرۈپ .
دىلغا پۈككەن ئۈمىدلىرىڭمۇ ،
توزغاق كەبى كېتىدۇ توزۇپ ...

## 10

پالاقلايدۇ بەزىلەر تىنماي ،
چەندازىسى پۇلغا تولمىسا .
كۆڭلى قىلچە تاپمايدۇ ئارام ،
ئۆلۈكتىنمۇ بىر نەپ يۇلمىسا .
يەپ كېتەركەن ئۇ كۆزنى بۇ كۆز ،
ئوتتۇرىدا قاڭشار بولمىسا.

## 11

ئوچۇق كەتكەن ئاناڭنىڭ كۆزى ،
سەكراتتىمۇ يولۇڭغا قاراپ .
تىرىلمەيدۇ ئەمدى قايتىدىن ،
قەبرىنى مىڭ قىلساڭمۇ تاۋاپ .
يۈزمىڭ ئەۋزەل ئىدى دۇئادىن ،
سۇ بېرەلىسەڭ بولغاندا بىتاب .

## 12

تەكشۈرۈشتە ئېپكېتىلدى نەچچە رەت ،
جىڭ - تارازا ، كەمچەنلەرنىڭ ساختىسى .
لېكىن يەنە ئۇن ، ياغ ئالغان خەقلەرنىڭ ،
يېرىم قالدى قاپاق بىلەن خالتىسى .
مەن دەيمەنكى : « ئوڭشالمايدۇ تارازا ،
تۈزەلمىسە جىڭ تۇتقاننىڭ كاللىسى ... »

## 13

مېۋىلىك دەرەخكە بېرىپ تەسەللى ،
دەيدىكەن بەزىلەر : « رەنجىش بىھاجەت .
مېۋىنى تالىشىپ تاش - چالما ئېتىش ،
مەۋجۇتقۇ ئەزەلدىن بۇ ھامان ئادەت ... »
مەن دەيمەن . « گۇناھمۇ مېۋە بەرگىنى ،
كور بولغاي ئىلاھىم ئەقىلسىز نامەرد... »

1986 - يىل ، سېنتەبىر

# « پارا ئالمايدىغان باشلىق » ھەققىدە قوشاق

( ساتىرا )

كۆپ ئىلتىجا قىلسامىمۇ ،
ئارام ئالماي ماڭسامىمۇ ،
يۆتكىلىشىم ھەل بولماي ،
بەك سوزۇلدى ئۇزاققا .

كىردىم يەنە ئامالسىز ،
پۇت - قوللىرىم دەرمانسىز ،
دېدى باشلىق : « ۋاقتىم يوق ،
ئالدىرايمەن تاماققا . »

كەيپىم ئۇچۇپ بۇ گەپكە ،
تۇرغان ئىدىم بىر چەتتە .
دېدى بىرى : « تەخىر قىل ،
كېتىپ قالماي يىراققا » .

ھايال ئۆتمەي چىقتى ئۇ ،
دىلغا بىر ئىش پۈكتى ئۇ .
دېدى : ئاداش ، ياقماپتۇ -
قۇرۇق قۇلاق قۇلاققا .

بۇ تەمسىلنى ئەستە تۇت ،
باشلىقىڭنى ياخشى كۈت ،

ئېيته ، قانداق كۆيىدۇ
ماي قۇيمىساڭ چىراغقا ...

رايىم يوقتى ئەسلىدە ،
ئالمىشىشنىڭ قەستىدە ،
تەۋەككۇل دەپ يول ئالدىم ،
« يۈز - قولۇمنى يۇماققا ...»

كىرگەن ئىدىم ئەتىسى ،
كەلدى باشلىق شەپىسى ،
يۈز يۈەننى تەڭلىدىم ،
سېلىپ يوغان لېپاپقا .

دەرھال نەزەر تاشلىدى ،
كرېسلوغا باشلىدى .
قاراپ ئوڭ - سولىغا
تاشلىۋەتتى بىر ياققا .

دېدى : « قاتراپ ھارمىدىڭ ،
مېنى نېمە چاغلىدىڭ ،
مۇشۇ ئىشنى قىلدىڭمۇ ،
چۈشۈرەي دەپ قىلتاققا .

قېنى ، كاتىپ ، ياز بۇنى ،
سېستساڭمۇ ئاز بۇنى ،
ئىرىشەي مەن < پاك باشلىق >
دېگەن ياخشى ئاتاققا ... »

راست دېگەندەك يېزىپتۇ ،
گېزىتلەرگە چىقىپتۇ ،
يۈزمىڭ نەپرەت ئوقۇدۇم
خۇشامەتچى پاخپاقا .

بىرسى ئۇچراپ تۇيۇقسىز ،
دېدى : « ئىشنى بۇزۇپسىز ،
ئالدانمايدۇ چۈجىمۇ ،
يېرىم چاڭگال قوناققا .

ئىش يولىنى بىلمەپسىز ،
ئاز كۆرمەسمۇ دېمەپسىز ،
ماغدۇرىڭىز يەتمەمدۇ ،
بۇنىڭدىنمۇ چوڭراققا .

قارائ ، ئوغلۇم تۇرەخمەت
يازالمايتتى تۈزۈك خەت ،
ئاشپەزلەرگە ياللىنىپ
ئوت قالايتتى ئوچاققا .

مانا هازىر كادىر ئۇ ،
ھەممە ئىشقا ماھىر ئۇ ،
بولدى گىلەم كاپالەت ،
قانچە ئۆتكەل - توساققا .

بىخىل خەقلەر ئۇقمايدۇ ،
پۇل بىلەن ئىش ئوخشايدۇ .
ئورۇن تەگمەس قاتاردىن ،
ئەمدى تۆمۈر تىرناقىا .

ئاز نەرسىنى ئالمايدۇ ،
كۆز قىرىنى سالمايدۇ ،
قىلساڭ ئەگەر كەڭ قوللۇق ...
يۆتكىلەتتىڭ بۇچاغقا .

پارا ئالماس بۆلۈمدە
( رىئايە قىلغاچ تۈزۈمگە ) ،
كەچتە بارساڭ تەييار ئۇ ،
يەر - زېمىننى يۇتماققا .

× ×

بۇنى ئاڭلاپ تۇرالماي ،
ئاچچىقىمنى باسالماي ،
« پارا ئالماس باشلىق » نى ،
قېتىۋالدىم قوشاققا .

نەپ ئۇچۇنلا ئىشلىسە ،
هەق - ناهەقنى بىلمىسە ،
ئاخىر بىر كۈن پاتىدۇ ،
ئىگەككىچە پاتقاققا .

بۇيرۇق ، نىزام ئاز ئەمەس ،
لېكىن تەدبىر ساز ئەمەس ،
يەنە بولسا يەي دەيدۇ ،
پىسەنت قىلماي چوماققا .

يېگىننى قۇستۇرۇپ ،
ھەقىقەتنى ئۇقتۇرۇپ ،
دېگۈزەيلى پەندىيات
تارتىپ ئۇنى سوراققا .

1987 - يىل ، ئاپرېل

## سەن قانداق بەندە

( ھەجۋىي )

نامى بار باشلىق ئىدىم بىر يىل بۇرۇن ،
كېسەتتى پىچىقىمنىڭ ئالدى - كەينى .
ئايلىنىپ ئەتراپىمنى پەرۋانىدەك ،
دېگەنتىڭ كۈندە ئۈچ ۋاخ :
« تاماق يەيلى » .

يېشىممۇ توشتى تولۇق ، مەزگىل يەتتى ،
دەم ئالدىم ،
يول باشلىماق بولغاچ ئەپسىز .
كۆرمىدىم شۇندىن بۇيان سايەڭنىمۇ ،
يوقالدىڭ قاياقلارغا ئىز - دېرەكسىز ؟!

كۆڭلىمگە ئالغىنىم يوق كەلمەيدىغان دەپ ،
ھەر كىمنىڭ مۇناسىپ ئىش – خىزمىتى بار .
ۋە لېكىن ئۇچراشقاندا تەتۈر قاراپ ،
كۆرمەسكە سالغانلىقىڭ كەلدى بەك ھار .

ئەمەل ، بىل ، قولدىن – قولغا ئۆتۈپ تۇرار ،
ئەمەستۇر ھېچ كىشىگە باقىۋەندە .
ئۆزگىرىپ تۇرساڭ ئۇنى دەۋر قىلىپ ،
ئېيتقىنا ، ئۆزۈڭ زادى قانداق بەندە ؟!

1987 – يىل ، سېنتەبىر

## « شىپالىق دورا »

تارالغاندا ھەجۋىي شېئىرىم ،
ئورۇن ئېلىپ گېزىت بېتىدىن .
سەكرەپ كەتتىڭ گويا بۆرگىدەك ،
ئۆچمەنلىكىڭ ئېشىپ چېكىدىن .

ھودۇقمىدىم ،
سۆزلىگەچ ھەقنى ،
غەۋغايىڭدىن پەرۋايىم پەلەك .
سەن تىللىساڭ كۆلىمەن ،
چۈنكى ،
شېئىرىم ئەلگە يېقىپتۇ ، دېمەك .

سىيلا تەۋزماي ساغراڭنى دائىم ،
« تەنقىد » ئاتلىق ئوكۇلدىن قاچساڭ .
قۇتقازغىلى چىقمايدۇ ئادەم ،
ھاڭ ئىچىدە ئاھ ئۇرۇپ ياتساڭ .

ئاغرىنساڭمۇ قامچا تەگكەندە ،
تۈبىڭنىپلا ئەقىل تاپىسەن .
كارۋان بىلەن بىرلىكتە سەنمۇ
تۇسقۇن يېرىپ داۋان ئاشىسەن .

نۇقسانلىرىڭ ئۆرتەنسە تېزدىن ،
خەلقىم ساڭا ئاچىدۇ قۇچاق .
بەڭگىللىنىپ سەپكە ئاتلانساڭ ،
مەنزىل ئانچە ئەمەستۇر يىراق .

رەنجىمەيمەن قاغىشلىرىڭدىن ،
باخشى قىلدىڭ ئۆزۈڭگە ئېلىپ .
ھەجۋىي شېئىر — « شىپالىق دورا »
گەر چۈشەنسەڭ تەكتىگە يېتىپ .

1987 - يىل ، سېنتەبىر

# ئاتلىق بۇرچى

( باللادا )

## مۇقەددىمە

ئارىلاپ كۆچەتلىكنى چىۋەر باغۋەن،
كېسىدۇ رەھىم قىلماي ھارام شاخنى.
كۆيۈنگەچ چىن مېھرىدىن نوتىلارغا،
تولدۇرار مېۋىلەرگە گۈزەل باغنى.

ئوخشايدۇ ئانا ـ ئانا شۇ باغۋەنگە،
مىسلى زور تاغدىن ئېغىر بۇرچى ئۇنىڭ.
ئۆمرىدە چېچەكلەتسە بىر كۆچەتنى،
قىلغۇسى ئەلنى خۇرسەن ئەجرى ئۇنىڭ.

## 1

تاڭ سەھەر ئۇپۇق تامان كۈلۈپ قۇياش،
كەڭ دالا قىزىل نۇرغا چۆمۈلگەندە؛
تاشلىنىپ يېڭى ئىشقا غالىب قەدەم،
كۆڭۈلدە يۈكسەك پىلان تۈزۈلگەندە؛

ئادەتنى تەرك ئەتمەي مۇرات جۈيجاڭ،
كەلگەندە ئىدارىغا بالدۇر يېنىپ.
چاس بېرىپ تېزلىك بىلەن قىلدى دوكلات،
كېچىلىك تەكشۈرۈشتىن ساقچى لىتىپ.

تۇيۇقسىز جىرىڭلىغان تېلېفون بىلەن ،
ئۈزۈلدى مۇراتجاننىڭ خىيال يىپى .
سەزگەندەك بىرەر ئىشنىڭ شەپىسىنى ،
تىكىلدى يىراقلارغا ئۆتكۈر كۆزى .

— ۋەي ، كىمسىز ؟
تو ختىكاممۇ ،
ھە ، نېمە ئىش ؟ ...
سۆزلىشش شۇنچە جىددىي قىلدى داۋام .
دېدى ئۇ : « ئامانەت - قەرز بۆلۈمىدىن ،
بۇلانغان بەش مىڭ يۈەن ئۆتكەن ئاخشام ... »

ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ساقچىلارنىڭ ،
غەزىپى تاشتى شۇئان بولۇپ فونتان .
دېيىشتى : « بۇزۇلمىسۇن جىنايى ئىز ،
بولايلى نەقمەيدانغا تېزدىن راۋان ... »

بۇركۇتلەر ئاتلىنىشقا يىگى جەڭگە ،
زەبەردەس بولۇپ تەييار تۇرغىنىدا ،
قەلبىدە رەزىللەرگە قەھرۇ غەزەپ
قىياندەك ئۆرلەپ مەۋج ئۇرغىنىدا .

ئاشۇ دەم كىرىپ كەلدى ئىشخانىغا ،
مويسىپىت كىشى بىلەن يەنە بىر ياش ،
چاي قۇيدى تىنچلىق سوراپ مۇرات جۇيجاڭ ،
بولسىمۇ ئىشى گەرچە بەك ئالدىراش .

دېدى ئۇ : « كەپقاپلىغۇ مەرۇپ ئاكا ،
بارمىدى ئېيتىدىغان بىر گەپلىرى .
ساقچىلار ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتىدەك ،
تەييارمىز بولسا قانداق خىزمەتلىرى ... »

دېدى ئۇ : ئەتىگەندە ئۆزلىرىگە
كەلدىممەن بۇ بالامنى تاپشۇراي دەپ .
دېگۈزۈپ مىلىڭ پەندىيات قىلمىشىغا ،
ھالاكەت ئازگىلىدىن قۇتقۇزاي دەپ .

تېگىرقاپ قالدى شۇدەم مۇرات جۇيجاڭ ،
ئىشەنمەي ئۇنىڭ قىلغان گەپلىرىگە .
ئاڭلاشقا بولۇپ ئۇنىڭ تاقىتى تاق ،
قارايتتى مەرۇپكامنىڭ كۆزلىرىگە .

بىر يۇتۇم چاينى ئوتلاپ مەرۇپ ئاكا ،
ۋەقەنىڭ ئۆتمۇشىنى قىلدى بايان .
ئوغلىنىڭ ئەگرى - توقاي كەچۈرمىشى ،
كىنودەك كۆز ئالدىدىن ئۆتتى شۇئان ...

2

مىرئادىل مەرۇپكامنىڭ يالغۇز ئوغلى ،
ئىدى ئۇ جان - جىگىرى ، كۆز قارىچۇقى .
ئېسىلسا شوخ ئەركىلەپ ھەر كۈنى كەچ ،
چىققاندەك تۈيۈلاتتى ھەم ھاردۇقى .

مۇبادا سانجىلسا گەر ئاڭا تىكەن ،
ئالاتتى مەرۇپ ئاكا كىرپىك بىلەن .

بىغىشلاپ بالا ئۇچۇن بارلىقىنى ،
چوڭ قىلدى شۇنچە ساغلام ،
شۇنچە تىمەن ...

تۈگىتىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۇ ،
داشۆگە بارالمىغاچ قالدى ئۆيدە ،
نەكوپىغا سىلىپ ئۇنى بىكارچىلىق ،
يۈرەتتى كوچىلارنى كېزىپ كۈندە .

مىرئادىل بولۇپ قالغاچ ھاراقخۇمار ،
ئاتىسى بەك بىئارام قىلدى بۇ ئىش .
چۈشىمىدى ئاتىسىغا ئۇنچە ئاسان ،
ئوغلىغا باب كەلگۈدەك كەسىپ تېپىش .

ئاخىرى بەردى شاگىرت سەيپۇگىلۇققا ،
كىيىمنى تىكىشنى بىر ئۆگەنسۇن دەپ .
ئەقىدە باغلاپ ھالال ھۈنىرىگە ،
بولمىغۇر ھەۋەسلەرنى تۈگەتسۇن دەپ .

جىم تۇراي دېسىمۇ گەر دەل - دەرەخلەر ،
شامالّلار ئاڭا ئارام بەرمىگەندەك .
ئازدۇردى مىرئادىلنى « ھەمراھ » لىرى ،
دەپ يۈرۈپ : « بولما ئۇنداق توخۇ يۈرەك ... »

ۋاز كېچىپ ھەممە ئىشتىن ھاماقەتلەر ،
تىجارەت قىلىش ئۈچۈن باغلىدى بەل .
دېيىشتى : « ئىشقا سالساق ماھارەتنى ،
قىلىمىز پۇل دېگەننى ھازىرلا تەل ... »

«نوچى» لار مۇشت ئۈرۈشۈپ مەيدىسىگە،
مېڭىشتى بولقا بىلەن ئامبۇر ئېلىپ،
جىنىنى دوغا تىككەن قاراقچىدەك،
بۇلىدى نەقپۇللارنى قۇلۇپ چېقىپ.

3

شۇ كۈنى ئاخشامدىلا مىرئادىلجان،
نەگىدۇر ئىز - دېرەكسىز بولدى غايىب.
بالىمىز بالا تېپىپ بەرمىگەي دەپ،
ئەر - خوتۇن ئەنسىزلىكتە كەتتى كايىپ.

ئايلىنىپ ئانا كۆزى بۇلاقلارغا،
تەشۋىشلەر ئۇيقۇسىدىن قىلدى بىدار.
دېيىشتى جەينامازدا: «پەرزەنتىمنى
قازادىن ساقلىغايسەن پەرۋەردىگار...»

تۈگىمەس خىياللارغا بولۇپ ئەسىر،
پەرىشان كىرپىك قاقماي ياتقىنىدا.
تۇيۇقسىز قاقتى بىرى دەرۋازىنى،
كېچە دەل تەڭ يېرىمىدىن ئاشقىنىدا.

يۈرىكى تېپچەكلەپ شۇ مىنۇتتا،
نېچۈنكى كۆكرىكىگە قالدى پاتماي.
دېدى ئۇ قەدىناسى مەرۇپكامغا:
«ياتاملا سىرتقا چىقىپ قاراپ باقماي».

هايالسىز ئىشىك ئېچىلدى،
كىرىپ كەلدى،
مىرئادىل بىر تاغارنى كۆتۈرۈپ تەس.
مىلەنگەن كىيىملىرى قارا لايغا،
يىقىلىپ پاتقاقلارغا بولغاچقا مەست.

تاغارنى ئاقتۇرغاندا ئاتا دەرھال،
تۇراتتى نۇرغۇن ئېسىل ئاياغ كىيىم،
دېگەندە: «ئالدىڭ ئۇنى قايسى يولغا؟»
مىرئادىل يەرگە قاراپ،
تۇراتتى جىم.

ئۆرتەندى ئېچىنىشتىن ئاتا قەلبى،
ئوغلىنىڭ يامان يولغا ماڭغىنىغا.
چېچەكنىڭ مېۋىسىنى كۆرمەي تۇرۇپ،
ئەجرىنىڭ تامام يەردە قالغىنىغا.

دېدى ئۇ: «تەربىيەمگە قۇلاق سالماي،
خەتەرلىك يار لېۋىگە كېلىپ قالدىڭ.
بېشىڭغا چىقىپ ئەمدى بەڭباشلىقىڭ،
ئاقىۋەت ئۆز پۇتۇڭغا پالتا سالدىڭ.

ئۆزۈڭنى مەلۇم قىلىپ ساقچىلارغا،
تاپشۇرغىن قىلمىشىڭنى چالا قويماي.
تازىلا قەلبىڭدىكى كىر - داغلارنى،
ماڭ دەرھال پەيچۇسوغا قاراپ تۇرماي...»

بۇ سۆزلەر خۇددى باھار چاقمىقىدەك ،
تىترەتتى مىرئادىلنىڭ ۋۇجۇدىنى .
پۇشايمان ـ نادامەتنىڭ خەنجەرلىرى ،
تىلغاندەك بولدى شۇدەم يۈرىكىنى .

ئانىسى تۇرار چەتتە كېتىپ ھالدىن ،
ئوغلىنى كۆرگەن ھامان بولۇپ بىھوش ،
مەرۇپنىڭ ھەر بىر سۆزى ئاڭا ھەردەم ،
تۇيۇلدى چىدىغۇسىز بولۇپ بىر مۇشت .

دېدى ئۇ : « ئەقىللىرىدىن ئېزىپ قاپلا ،
دەمدىغان بالىغىمۇ شۇنداق گەپنى .
ئازىدۇ ئىنسان دېگەن خام سۈت ئەمگەچ ،
كۆزلىسە قارا بېسىپ ھارام نەپنى .

ئۆزلىرى ئىناۋەتلىك كونا رەھبەر ،
ھوقۇقنى ئىشلىتىشنىڭ پەيتى مۇشۇ .
سىلىنىسا بېتون بىلەن پۇختا تاقاق ،
قايتىدۇ ئارقىسىغا كەلكۈن سۇمۇ .

تۇرسا ئۇ ئەتىۋارلىق يالغۇز ئوغۇل ،
چىدامدۇق قاراپ تۇرۇپ قولغا ئالسا ،
بولسۇن ئۇ مەلۇم مەزگىل يۇرتتىن نېرى ،
ھازىرلا ئىچكىرىگە يولغا سالسىلا ... »

ئويلاپمۇ باقمىغانتى ئاتا ھەرگىز ،
ئاندىن بۇ گەپلەرنىڭ چىقىشىنى .
ئوغلىنىڭ نابۇت بولۇپ كېتىشىگە
يول ئېچىپ يېشىل چىراغ يېقىشىنى ...

— ئاكىلاكىلا ، — دېدى شۇئان مەرۇپ ئاكا ، —
سىلىگە بىر چۆچەكنى ئېيتىپ بېرەي .
يېتىكلا ھەزىم قىلىپ مەنىسىگە ،
خىيالىي رىۋايەت بۇ ( يوق گەپ ) دېمەي .

4

بار ئىكەن ھەم يوق ئىكەن ، بىر يېزىدا ،
ياشاركەن ئوغلى بىلەن بىر تۇل ئايال .
بايلارنىڭ ئۆيلىرىدە كىر - قات يۇيۇپ ،
كۈنىنى ئۆتكۈزەركەن قىلىپ ئامال .

ئاي - يىللار ئۆتكەنسېرى چوڭ بولۇپتۇ ،
ئانىنىڭ ئۇماق ئوغلى زوقلانغۇدەك .
ئىشلىتىپ چاققانلىقنى تامدىن سەكرەپ ،
جۇرئەتلىك توخۇ - تۇخۇم « ئوۋ » لىغۇدەك .

تەمىنى تېتىپ قالغاچ ، تەۋەككۈل دەپ -
باشلاپتۇ قوي - كالىنى ئوغرىلاشقا .
ئانىسى ئېيتىپ قات - قات ھەشقالىلىنى ،
دەيدىكەن : « ئىگە قىلدىڭ تەييار ئاشقا ... »

بىر كۈنى يۈرىكىنى قىلىپ قاپتەك ،
كىرىپ نەق پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا ؛
ئوغرىلاپ خەزىنىدىن ئالتۇن - كۈمۈش ،
غىپپىدە قاچماق بولۇپ تۇرۇشىغا ؛

ئۇشتۇمتۇت تۇتۇۋېلىپ ياساۋۇللار ،
ئېپكەپتۇ دەرھال باغلاپ شاھ ئالدىغا .
دەپتۇ شاھ : « خالايىققا بولسۇن ئىبرەت ،
ئېسىڭلار ئۇنى دارغا دەل ۋاقتىدا ... »

جاكاردىن خەۋەر تاپقان ئۇششاقۇ چوڭ ،
شەھەرنىڭ مەركىزىگە بولۇپتۇ جەم .
بوينىغا سېلىنىپمۇ سىرتماق يەنە
ئەيىبكار تۇرغۇدەكمىش شۇنچە بىغەم .

« تارتىڭلار ! » دېگەن بۇيرۇق بىلەن تەڭلا :
« ئەرزىم بار پادىشاھقا » دەپتۇ بالا .
دەپتۇ شاھ : « قېنى سۆزلە ، بىرەي پۇرسەت ،
تۆكۈۋال دەردلىرىڭنى قويماي چالا ... »

دەپتۇ : « ئەي كېرەملىك شاھ ئارزۇيۇم شۇ ،
مېھرىبان تۇل ئانامنى كۆرۈپ ئالسام .
ئالەمدىن ۋىدالىشىش سائىتىدە ،
باغرىمنى باغرىغا چىڭ يېقىۋالسام ... »

ئانىنى كۆرۈش بىلەن دەپتۇ بالا :
« جان ئانا ، تىلىڭىزغا سۆيۈپ ئالسام .
ئۆلسەممۇ يۇمۇلمىغاي كۆزۈم ھەرگىز ،
قانماستىن مېھرىڭىزگە كېتىپ قالسام ... »

ئانىسى ئىلتىجانى كۆرۈپ مەقبۇل ،
ئاغزىنى ئېچىپ تىلىن چىقىرىپتۇ .
بالىسى ئۇنى چىشلەپ ئۈزۈپ ئالغاچ ،
شۇرقىراپ جاۋغىيىدىن قان ئېقىپتۇ .

پادىشاھ كۆرۈپ بۇنى تەئەججۇپتە ،
دەپتۇ : « ئەي ئوغرى ، قانداق قىلغىنىڭ بۇ ؛
ۋەھشىيلىك قىلمىساڭمۇ دار ئالدىدا ،
تولغانتى ئاللىقاچان ئەجىلىڭمۇ . »

« ئايرىدى ھاياتىمدىن ، — دەپمۇ بالا ، —
ئانامنىڭ مانا مۇشۇ شورلۇق تىلى .
شەرمسار بولماس ئىدىم بۇگۈنكىدەك ،
باشتىلا يامان ئىشتىن توسسا مېنى .

پادىشاھ دەپتۇ شۇئان : « ئەي جاللاتلار ،
كېسىڭلار بۇ دەللىنىڭ كاللىسىنى ؛
ھېسابسىز ئېغىر ئۇنىڭ جىنايىتى ،
ئۆگەتكەچ ئوغرىلىققا بالىسىنى ! »

ئۆلۈمدىن خالاس بولۇپ ئوغۇل شۇچاغ ،
جېنىدىن ئايرىلىپتۇ ئاچكۆز ئانا .

ئالقىشلار ياغدۇرۇپتۇ خەلقى ئالەم،
بىرىلگەچ تويمىغۇرغا ھەقلىق جازا ...

*

بولسامىۇ ئىدارىدا كونا رەھبەر،
ۋە لېكىن پەۋقۇلئاددە ئادەم ئەمەس.
تارتىدۇ تانابىمنى قانۇن، ئەگەر -
يامانغا چاپان ياپسام بولماي پەخەس.

يولىدىن ئازغان بۇنداق پەرزەنتىنى،
يوشۇرسا ھەممە ئادەم بىزگە ئوخشاش.
بۇزۇلسا جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى،
مۇمكىنمۇ ئارامخۇدا تىپتىنچ ياشاش ؟!

## خاتىمە

مەرۇپنىڭ سۆزلىرىگە بولۇپ قايىل،
ئانىنىڭ قەلبى سۇدەك كەتتى ئېرىپ.
دېدى ئۇ : « مېنىڭ ساختا كۆيۈنۈشۇم،
ئوغلۇمنى گۇم قىلاركەن ئاخىر بېرىپ ... »

ئۇزاتتى ئوغلىنى ئۇ ساقچى تامان،
دىلىدىكى ئۈمىدىنى قىلىپ ئىزھار :
« تۈزەلسە، جېنىم ئوغلۇم، ئىللەتلىرىڭ،
جان ئاناڭ ساڭا ئىللىق قۇچاق ئاچار ... »

1987 - يىل، ئۆكتەبر.

## دىلرەباغا مەكتۇپ

قەلبىم سۆزىن ئەيلەپ بايان ،
مەكتۇپ ئەۋەتتىم مەن ساڭا .
بەرگەي ساڭا روھى ئۇزۇق ،
چوڭقۇر نەزەر سالسائ ئاڭا .
كەزدى ئەنە سەبيارىنى ،
مارت شاملى ئالەم ئارا .
شۇلدۇر خېتىمدىن مۇددىئا ،
ياپما يۈزۈڭنى ، دىلرابا .

تۇرساڭ كۆلۈپ كاككۇك كەبى ،
گۈلشەن دىيارىنىڭ ھۆر قىزى .
چولپان كەبى چاقناپ تۇرار ،
كۆكسۈڭدە ئىقبال يۇلتۇزى .
يەلپۈنسە سۇمبۇل چاچلىرىڭ ،
قاشىڭ مىسالى قۇندۇزى .
ھۆسنىڭگە بارچە مەھلىيا ،
ياپما يۈزۈڭنى ، دىلرابا .

تۇرسا ھاۋالىق لەيلىزار ،
جانىنىڭ ھوزۇرى - راھىتى ؛

خۇددى شەپەرەڭ نەسلىدەك،
نەدۇر مۇكۇنمەك ھاجىتى.
ئۇنداق ئەمەسقۇ زادىلا،
خەلقىمىزنىڭ ئادىتى ؟!
كىمدىن مىراس قالغان ساڭا،
ياپما يۈزۈڭنى، دىلرابا.

ماختانغۇدەك دەپ بەزىلەر:
«رومال ئايالغا چوڭ سۆلەت».
چۈمكەيدىكەن چۈمبەل بىلەن،
يۈز - كۆزلىرى بولغاچقا سەت.
«كۈندۈز بۇۋۇم، كەچتە كۆرۈم»،
قىلمىشلىرى ئاندىن غەلەت.
چاپلانمىسۇن بۆھتان ساڭا،
ياپما يۈزۈڭنى، دىلرابا.

ئەۋرەت ئەمەس ئايەك يۈزۈڭ،
رومال بىلەن چىلڭ ياپقىلى.
ئەرلەر ھاياسىز دۆتمىكەن،
ھۆركۈپ كىيىكتەك قاچقىلى.
نەدۇر گۇناھىڭ ئېيتقىنا،
ئۆيدىن چىقالماي ياتقىلى.
ئىش تۇت زامانغا يارىشا،
ياپما يۈزۈڭنى، دىلرابا.

ئەخلاقنى گەر قىلساڭ مىزان،
بولغاي ھەمىشە ھۆرمىتىڭ.

كەلتۈرگۈسى تازىم ساڭا ،
يۈكسەك پەزىلەت - خىسلىتىڭ .
ئەلنىڭ پىداكار قىزى بول ،
يۇرتقا تارالسۇن شۆھرىتىڭ .
كارۋان سىپىگە مەرھابا ،
ياپما يۈزۈڭنى ، دىلرەبا .

1988 - يىل ، فېۋرال

## باھارغا مەدھىيە

شادلاندى سەن بىلەن بۇ ئالتۇن دىيار ،
گۈل بىلەن بۇلبۇللار كۆرۈشتى دىدار ،
قىزىتتى نورۇزنى تۈمەنمىڭ نىگار ،
غۇنچىلار ھۆسنىدىن چېچىلدى ئىپار ،
بولغاچ سەن خۇشاللىق ئەييامى باھار .

قوغلاندى قىش بوۋاي جەھەننەم تامان ،
تەبىئەت سىلكىنىپ ئويغاندى شۇئان ،
ياڭرىدى مېھنەتنىڭ ناۋاسى ھەريان ،
باتۇرلار بەيگىدە قىلماقتا جەۋلان ،
چالغاچ سەن چېلىشنىڭ سىگنالى ، باھار .

سەن بىلەن گۈزەللىك يايدى كەڭ ئېتەك ،
ئېچىلدى باغلاردا رەڭمۇ رەڭ چېچەك ،
ئاسقاندەك ھۆر قىزلار جاۋاھىر بېزەك ،

دەل ـ دەرەخ ياشىرىپ ئارتتى ئۆز لېچەك ،
ئۇرغۇدى دىللارنىڭ ئىلھامى ، باھار .

پەسىللەر تاجى سەن كۆپتۇر خىسلىتىڭ ،
ياغدۇ بارچىغا چەكسىز شەپقىتىڭ ،
ھاياتتا بىباھا قەدىر ـ قىممىتىڭ ،
شېرىندۇر شۇ قەدەر نازۇ ـ نېمىتىڭ ،
سەن دېمەك كۆڭۈللەر ئارامى ، باھار .

1988 ـ يىل ، فېۋرال

## سەھرا قىزىغا

ئەي سەھرا قىزى ، بولۇپ ئاشىقىڭ ،
شېرىن لېۋىڭگە سۆيگىلى كەلدىم .
چىمەنلەر ئارا بولۇپ ھەمراھىڭ ،
بەخت پەيزىنى سۈرگىلى كەلدىم .

چىن ساداقەتنىڭ نۇرى چاقنىغان ،
ۋىسال ئىشقىدا كىرپىك قاقمىغان ،
ھىجران ئىلكىدە شەبنەم تامچىغان ،
چولپان كۆزۈڭنى كۆرگىلى كەلدىم .

مېھنەت كۈيىنى ياڭرىتىپ كۆككە ،
مەردلەر سېپىدە بولۇپ چىن ئۈلگە ،

پۇر كەپ يېزامنىڭ باغرىنى گۈلگە ،
يۇرتنى لەيلىزار ئەتكىلى كەلدىم .

گۈزەلسەن شۇنچە شەرم ـ ھايالىق ،
سۆزلىرىڭ كەۋسەر دىلغا شىپالىق .
ئۆمرۈم ـ ھاياتىم ساڭىلا تالىق ،
قەلبىمنى ئىزھار ئەتكىلى كەلدىم .

1988 ـ يىل ، مارت

## پەشتاقنىڭ ھاڭغا

( ساتىرا )

بىر رەسسىيەت بىجىرمەك ئۈچۈن ،
بارغان ئىدىم كاتىپ ئالدىغا .
سالام قىلىپ خوشياقمىغاندەك ،
دېدى ئاستا تارتىپ دالدىغا :

«چېچەكلىمەس جان دېگەن كۈندە ،
ئالدىراشنىڭ يوقتۇر ھاجىتى .
تاغدەك ئىشلار بولۇپ كېتەر ھەل ،
كەلگەن چاغدا ۋاقتى سائىتى...»

ماھىر ئىكەن گەپ ئۆينىتىشقا ،
يولغا سالدى «كېيىن كېلىڭ »دەپ .
تەكرارلاندى خۇددى ئايەتتەك ،
قاچان كەلسەم ئاشۇ بىرلا گەپ .

ئۆتۈۋەردى كۈنلەر توختىماي ،
لېكىن ئىشىم شۇ پېتى قالدى .
گاھ ئۆزى يوق ، گاھى ۋاقتى يوق ،
تولا مېڭىپ پۇتلىرىم تالدى .

ئىشنى ئەتەي سوزدى ئارقىغا ،
بولمىسىمۇ سەۋەب ، ئاساسى .
كىرىپ چىقسام ئۇنىڭ كۆڭلىگە ،
بار ئوخشايدۇ نەپتىن تاماسى .

سەمرىتمەكچى بولسا ئۆزىنى ،
قىستاپ يۈرۈپ ئەمانى ياردا .
بولسا قولى نەپسى شەيتاننىڭ ،
يىقىلغۇسى پەشتاقتىن ھاڭغا .

1988 ـ يىل ، مارت

## تەبرىكلەيمەن تويۇڭنى ، سىڭلىم

سىڭلىم ، بۈگۈن يېڭىچە تويۇڭ ،
قىزىپ كەتتى ياخشى سائەتتە .
ئىچىپ شۇدەم ۋىسال شەربىتى ،
ئېرىشتىڭسەن بەخت ـ ئامەتكە .
يۇرت ئەھلىنى قىلدىڭ شادىمان ،
پەشۋا ئۇرۇپ كونا ئادەتكە .

كۆز قىرىغىنى سالمىدىڭ ئەسلا ،
ئىسىل كىيىم ، زىبۇ زىننەتكە .
قىممىتىڭنى ئاشۇردۇڭ چەندان ،
سادىق بولۇپ پاك مۇھەببەتكە ،
دەۋرىمىزنىڭ زۆھرەلىرىگە ،
ئۆرنەك بولۇپ قالدىڭ ئەبەتكە .

بەتخەجلىكنى كۆرمىگەچ راۋا ،
كالا سويۇپ ئاسمىدىڭ قازان .
بولغاچقا مول نازۇ نېمىتىڭ ،
شاد كۈلكىلەر ياڭرىدى ھەر يان .
چۈشتى جۈپ - جۈپ بولۇپ ئۇسسۇلغا ،
قەدەم تەشرىپ ئەيلىگەن مېھمان .

خالىمىدىڭ بايۋەچچىلەردەك
بۇزۇپ - چېچىپ ئابروي تېپىشنى .
تويدىن كېيىن قەرزگە بوغۇلۇپ ،
بىچارىدەك بويۇن قىسىشنى .
ھېسابلىدىڭ «نومۇسلۇق ئىش» دەپ
باغاق يېزىپ نەرسە يىغىشنى .

تەمەخورلار چۆمدى ھەسەتكە ،
مەرىكەڭدىن تەگمىگەچ ئورۇن .
مازاقلاشتى ئالالمىغاچ نەپ ،
بۇلۇڭلاردا تولغىنىپ بويۇن .

هەق ئالدىدا مات بولۇپ ئىغۋا ،
بەربات بولدى سېھىرلىك ئويۇن .

توي دېگەنلىك تويغۇلۇق ئەمەس ،
چىن مەنىسى ئەزەلدىن شادلىق .
ئارزۇسىغا قانار ئاشىقلار ،
سۆيگىنىگە قىلىنسا ياتلىق .
چىگىلمىسە كۆڭۈل باشتىلا ،
ئۆمۈر تويدەك ئۆتىدۇ تاتلىق .

تەبرىكلەيمەن تويۇڭنى، سىڭلىم ،
ياشلىق گۈلۈڭ چاچسۇن خۇش پۇراق .
ئۆمرۈڭ بويى بولغىن ۋاپادار ،
ئۆتۈش ئۈچۈن مېھرىبان ـ ئىناق .
ئاشىقىڭغا بولغىن ھەمنەپەس ،
يېقىپ دىلغا پەندىن نۇرچىراغ ...

1988 ـ يىل ، ماي

## ئوت ئويىنما ، ئەي بالا

قاچان كۆرسەم قولۇڭدىن
چۈشمەيدىكەن سەرەڭگە .
غەلىتە ئات قويۇپسەن ،
« مەشئەلچى » دەپ ئۆزۈڭگە .

ئوت كۆتۈرۈپ ئاخشىمى ،
چېپىپ يۈرسەڭ تالادا ؛
ئوت ئاپىتى يۈز بېرەر ،
قويۇپ ئەلنى بالادا .

بىزدە شۇنداق تەمسىل بار :
«ئوت كۆيدۈرەر تۇتقاننى »،
ئوت ئوينىغان ئەخمەقلەر ،
يەيدۇ ئاخىر پۇشماننى .

ساۋاق ئېلىپ بۇ سۆزدىن ،
ئوتنى دەرھال تاشلىغىن .
يېتىپ ۋاقىت قەدرىگە ،
ئۆگىنىشنى باشلىغىن ...

1988 - يىل ، سېنتەبىر

## « پاش قىلىش ساندۇقى »نىڭ شىكايىتى

( ساتىرا )

مەن پاش قىلىش ساندۇقى ،
ھەر دوقمۇشقا ئېسىلغان ؛
تەنقىد ، پىكىر ، تەلەپلەر
غازاڭ كەبى سېلىنغان .

دەسلىپىدە جىق ئىدى
مەندىن ئۈمىد كۈتكەنلەر ؛
ناھەقچىلىق ئۈستىدىن
دەرد ـ زارىنى تۆككەنلەر .

ئەرز ـ شىكايەتنامىگە
تولغاچ ئىچىم لىقمۇ ـ لىق .
دادىخالار ئالدىدا
باستى مىنى خىجىللىق .

باشقىلارنىڭ دەردلىرى
ياماق بولماس دەردىمگە .
ئىچىنغۇسى ھالىمنى
سۆزلەپ بەرسەم ھەركىمگە .

قېلىپ بوران ـ يامغۇردا ،
نەچچە يەردىن يىرىلدىم .
ئۇستىلارنىڭ قولىدا ،
يېڭىباشتىن تىرىلدىم .

كەلدى قۇشلار بويۇنداپ ،
ماڭا ئۇۋا سالغىلى ،
تاسلا قالدىم قۇشقاچقا
ماكان بولۇپ قالغىلى .

ئۇنى ئاز دەپ بەڭباشلار
كۆندە چالما ـ تاش ئاتتى .

ئۇۋالچىلىق دەستىدىن
كۆزلىرىمدىن ياش ئاقتى .

يېغىپ كەتتى ئۇستۇمگە ،
نەچچە ياڭزا تەنە گەپ .
ئۆزگىرىپتۇ ئىسمىمۇ،
«ئەرز يەيدىغان ساندۇق » دەپ .

تەگمىدى ، راست ، باشلىقغا
خەت - چەكلەرنىڭ بىرىمۇ .
تاشلانمىدى مەن تامان ،
ھەتتا كۆزنىڭ قىرىمۇ .

ئىست ، قانچە پۇقرانىڭ
تاق بولغاندۇ تاقىتى .
ئاغرىنغاندۇ تەشكىلدىن ،
راۋا بولماي ھاجىتى .

قۇلۇپ سالغان بۇرادەر ،
كەلتۇرمىدى ئېسىگە .
لايمۇ ياكى سۇ باشتىن ،
يېتەلمىدىم تېگىگە .

رەنجىمەڭلار مېنىڭدىن ،
پېقىر ئەسلى گۇناھسىز .

بىپەرۋا شۇ كىشىلەر
قالمىسىكەن جازاسىز .

1989 - يىل ، فېۋرال

## « داستىخان بەيگىسى » تۆگەيدۇ قاچان

( ساتىرا )

بار ئىدى ئەسلىدە ئات بەيگىسى دەپ ،
چىقىپتۇ يېقىندا يەنە بىر بەيگە .
ئاڭلىسام ، ئۇ ئىشنىڭ چەۋەندازلىرى
بارماسمىش داستىخان ئالماي ھېچ يەرگە .

× ×

قوشنىمىز ئابرويگۈل شۇلارنىڭ بىرى ،
قەيەردە توي بار دەپ يۈرەر تىنىك - تىڭلاپ .
ياش تويى ، چاچ تويى قالمايدۇ چالا ،
يۈگرەيدۇ بېشىچە قالسىلا ئاڭلاپ .

ئادىمەتچىلىكتە ئۇ بەكلا سېخىي ،
قارىماس زادىلا پۇلنىڭ كۆزىگە .
ئۇچۇرسا بارىنى تىكىدۇ دوغا ،
چىقىشچۇن گىدىيىپ سورۇن تۆرىگە .

دەيدۇ ئۇ : داستىخان بولۇپ قالسا ئاز ،
كۆتۈرۈپ يۈرۈيمەن يۈزۈمنى قانداق ؟
ياندىسام سارجىغا شىپىلىك دۇخاۋا ،
ئۆسمەمدۇ ئابرويۇم يەنە بىر بالداق !...

تويدىكى شادلىقى قالار جايىدا ،
ئۆيىگە قايتقاندا باسار ئۇنى غەم .
بەزىدە ئاي توشماي تۈگەپ مائاشى ،
قۇرىماس ھەپتىلەپ كۆزلىرىدىن نەم .

× ×

كەتكۈزدى ھالىدىن تالاي ئايالنى ،
داستىخان بەيگىسى چۆمدۈرۈپ تەرگە .
يوتقانغا قاراپ پۇت سۇناي دېگەنلەر ،
خىجىللىق ئىلكىدە قارىدى يەرگە .

بۇ ناچار كەيپىيات ئاشسا چېكىدىن ،
خەلققە زور ئاپەت كەلتۈرەر ئاخىر .
پۇل ئەمەس تۇپراقمۇ قىلىدۇ ئازلىق ،
بەتخەجلىك شامىلىنى توسماسلىق ھازىر .

1989 - يىل ، ئاپرېل

## جاندىن كەچمىگەن جانانغا يەتمەس

دەيدىكەن بەزىلەر ، ھەقىقەت دېگەن
قورالنىڭ ئاستىنى قىلىدۇ ماكان ؛

پىرقىرىتىپ چۆرۈيدۇ ئالەمنى قولدا ،
باش كېسەر قىلىچقا تايانسا خاقان .

مەن دەيمەن : ھەقىقەت ئەمەس ھوقۇقتا ،
ئۇ ئەركىن بۈركۈتتەك قىلار ساياھەت .
ئايلىنىپ ۋولقانغا ئاۋام قەلبىدە ،
پارتلايدۇ قەيەرنى باسسا جاھالەت .

ھەقىقەت ئەزەلدىن ئەڭگۈشتەر كەبى
تىك قىيا ئۈستىدە تۇرىدۇ چاقناپ .
ئۇ نىسىپ بولمايدۇ قورقۇنچاقلارغا ،
ئۇرسىمۇ بېشىنى تاشقا مىڭ قاقشاپ .

ھەقىقەت مىسالى بىر نۇرلۇق گۆھەر ،
ئوكيانلار ئاستىدا تۇرار يالتىراپ .
ئېرىشەر ئۇنىڭغا پىداكار غەۋۋاس ،
لەھەڭگە زۇلپىقار ئۇرۇپ پارچىلاپ .

ھەقىقەت گوياكى بىر ئۆچمەس قۇياش ،
تەپتىدىن تۆھمەتلەر ئايلىنار كۈلگە .
كۆيۈشتىن قورقمىغان ئالىدۇ ئۇنى ،
سەمەندەر روھىنى قىلسىلا ئۈلگە .

ھەقىقەت نۇرىغا تېپىلماس تەڭداش ،
تۇسالماس بۇلۇتلار ئۇنىڭ يۈزىنى .

ياپماقچى بولسا كىم ئۇنى ئېتەكتە،
ھالاكەت غارىدا كۆرەر ئۆزىنى.

ھەقىقەت ئېگىلەر،
سۇنمايدۇ ئەسلا،
كۆرسىتەر ئۇ ئاخىر جاسارىتىنى.
بەخش ئېتىپ دەردمەنگە يېڭىچە ھايات،
ساقايتار دىلدىكى جاراھىتىنى.

قىلىنغاچ ئادالەت مۇجەسسەم ئاڭا،
ئىنسانلار قەلبىدىن قىلىدۇ ھەۋەس.
سائىلدەك قول تەڭلەش قىلماس كۇپايە،
جېنىدىن كەچمىگەن جانانغا يەتمەس.

1989 - يىل، ئاپرېل

## گۈزەل قەشقەرنى كۆرگەندە

كېلىپ پۇقرا ۋە ياكى خان گۈزەل قەشقەرنى كۆرگەندە،
تۇتار گۈللەر چىمەن - بوستان، گۈزەل قەشقەرنى كۆرگەندە،
قۇچاق ئاچقاي يېشىل ئورمان گۈزەل قەشقەرنى كۆرگەندە،
جاراڭلار كۈلكىسى خەندان گۈزەل قەشقەرنى كۆرگەندە،
دىلىدا قالمىغاي ئارمان گۈزەل قەشقەرنى كۆرگەندە.

•

ئىلىم - پەن كۆكىنىڭ ئۆچمەس يورۇق چولپانى، ماھى بۇ،
ھېسابسىز مەرىپەتپەرۋەر ئۇلۇغلار يۇرتى — جايى بۇ،

بىلىمنىڭ ئىشقىدا كۆيگەن سەمەندەرلەر ماكانى بۇ ،
ياراملىق غۇنچە ئۆستۈرگەن زامانىم چارباغى بۇ ،
غەزەلخانلار يازار داستان گۈزەل قەشقەرنى كۆرگەندە .

ھۈنەرنى پۇختا ئۆگەنمەك پەرھىز بۇ يۇرتتىكى ئەرگە ،
تاپار روناق شۇڭا تېزدىن دۇكان ئاچسا بىرەر يەرگە ،
قىلار گۈل كەلتۈرۈپ ئىشنى ئېرىنمەستىن چۆمۈپ تەرگە ،
گوياكى تۇچىنمۇ ئۇستىلىقىدىن ئوخشىتار زەرگە ،
ئاڭا قايىل بولۇر ئىنسان گۈزەل قەشقەرنى كۆرگەندە .

زىيارەت قىلسا گەر ھەر كىم مۇقەددەس بۇ دىيار - جايىنى ،
بىھوش بولغاي كۆرۈپ ، دوپپا تىكىپ تۇرغان تولۇن ئايىنى ،
يېگەندە ئىشتىھا بىرلە پولۇ ، مانتۇ ، كاۋاپ - مايىنى ،
ھۇزۇرلانغاي ساماۋەردە تەكەللۇپسىز ئىچىپ چايىنى ،
دېگەي : زەپ يايرىدى بۇ جان ، گۈزەل قەشقەرنى كۆرگەندە .

مۇقام ئەۋلادلىرى چالسا « ئەجەم » ، « راك » قا ساتارىنى ،
تۈمەنلەپ روزى ① ھەم تاشۋاي جاراڭلاتسا راۋابىنى ،
قىلىشسا تەنتەنە خەلقلەر سېلىپ مەشرەپ ساماسىنى ،
جاھاننى لەرزىگە سالسا ئوقۇپ شادلىق ناۋاسىنى ،
بولۇر ھەمدەم ئاڭا دەۋران ، گۈزەل قەشقەرنى كۆرگەندە .

كامال تاپ ئەي مۇقەددەس جاي ، بۇگۈن گۈللەش زامانىڭدۇر ،
ئۇيۇشقان سەندە ئىشچانلار ، يېڭىلمەس پالۋانىڭدۇر ،

---

① مەرھۇم روزەك باشى كۆزدە تۇتۇلدۇ .

بۈيۈك مەنزىلگە تېز يەتمەك سېنىڭ ئوتلۇق قارارىڭدۇر،
ئۇلۇغ كومپارتىيەم مەڭگۈ نىجادكار باش پاناھىڭدۇر،
دېگەي: «مەردلەر قۇچۇپتۇ شان» گۈزەل قەشقەرنى كۆرگەندە.

## قايان كەتتىڭ گۈزەل ياشلىقىم

تۈگەپ ئاخىر بەڭباش - شاشلىقىم،
پارلىغاندا ئۈمىد چاقمىقىم،
سېلىپ مېنى ھىجران ئوتىغا،
قايان كەتتىڭ گۈزەل ياشلىقىم.

كەتكەچكە سەن پېقىرنى تاشلاپ،
قالدىم ئاخىر كۆزۈمنى ياشلاپ.
يەتمىگەچكە قەدرىڭگە دەسلەپ،
ئەمدى ھەقلىق زىيان تارتىمىقىم.

يۈزۈم قورۇق، چاچلىرىم ئاپئاق،
بىتابتۇرمەن كۆرۈنسەممۇ ساق.
ئايلىنىپتۇ كۈلكىلىك ئىشقا
نىگار ئىزدەپ ھەريان چاپمىقىم.

يالقۇنلايتتى قەلبىمدە ئارمان،
يوقتۇر ئاڭا يەتكۈدەك دەرمان.
تىترەپ ئۈششۈك تەگكەن ياپراقتەك،
بەسى مۈشكۈل داۋان ئاشمىقىم.

تۆھپەڭ بارمۇ نامىڭغا لايىق ؟
دەپ سورىسا مەندىن خالايىق .
تۇيۇلىدۇ تاغدىنمۇ ئېغىر ،
بۇ سوئالغا جاۋاب تاپمىقىم .

باغلاپ مەھكەم قايتىدىن بەلنى ،
ئىجاد بىرلە خۇش قىلاي ئەلنى .
ئەقىل تېپىپ ئاچچىق ساۋاقتىن ،
كېرەك دادىل قەدەم باسمىقىم .

1989 ـ يىل ، ماي

## گۈزەل كۆيباغ

بايلىقنىڭ كانى يۇرتىمىز كۆيباغ ① ،
ئىكەن قۇچىقىڭ بەخت گۈلزارى .
تۇرار بۇلۇتنىڭ مەگزىنى سۆيۈپ ،
زاۋۇتلىرىڭنىڭ تۇرخۇن ـ مۇنارى .

ئالاچاباغدىن ② خىسلەتلىك باغقا
ئايلاندۇرۇپتۇ مەردلىرىڭ سېنى .
رىۋايەتتىكى باغۇ ئېرەمدەك ،
جامالىڭ مەپتۇن ئەيلىدى مېنى .

زۇمرەت ئۈنچىلەر چاچرىتىپ ھەريان ،
ئاقار باغرىڭدا ئەزىم زەرەپشان .

---

① كۆيباغ ـــ پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى بولۇپ ، يېڭى ئېچىلغان نېفىت بازىسىنى كۆرسىتىدۇ .
② ئالاچاباغ ـــ « كۆيباغ » نىڭ كونا ئىسمى .

چۆللۈكلىرىڭمۇ قېنىپ كەۋسەرگە ،
بولۇپتۇ قالتىس كۆركەم گۈلىستان .

ياراشقان ساڭا كۆركەم بىنالار ،
يېڭىچە ھۆسىن قوشۇپ ھۆسنۈڭگە .
ياڭراتتى داستان دەۋرىم شەنىگە ،
كۈيچى بۇلبۇللار قونۇپ ئۈستۈڭگە .

چېلىشچانلىرىڭ قىزىتقاچقا جەڭ ،
غەلىبىلەر قۇچۇپ ئاچتىڭ گۈل چىراي .
ئامەتى كەلگەچ ئىشچانلىرىڭنىڭ ،
چېھرى نۇرلىنىپ بولدى تولۇن ئاي .

ئاسپالتلاشقان داغدام يولۇڭدا ،
كۆركەم ئاپتوبۇس قاتنار غارقىراپ .
جانان چىنىدەك پاكىز كوچىلار
قۇياش نۇرىدا تۇرار يالتىراپ .

باراقسان ئۆسكەن مەزمۇت چىنارلار ،
كوچىلىرىڭغا تاشلاپتۇ سايە .
گۈزەللىكىڭدىن سۆيۈنەر خەلقىڭ ،
ئاشقاچقا ئىشقا دىلدىكى غايە .

ئەي گۈزەل كۈيباغ ، مەنزىلنى بويلاپ
ئۆرلىگىن سەپىڭ بولۇپ تۇلپارى .
ئەيلىسەڭ جەۋلان داۋانلار ئاتلاپ ،
قۇچاقلار سېنى ئىقبال نىگارى .

1989 - يىل ، نويابىر

# غەزەللەر

## دەۋرىمىز

خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىنى يايراتتى ئالتۇن دەۋرىمىز ،
چېھرىدە بەخت نۇرى پارلاتتى ئالتۇن دەۋرىمىز .

بەھرىمەن ئەيلەپ ئادالەت شەربىتىدىن بارچىنى ،
دىلنى شادلىق ئىلكىدە ياشناتتى ئالتۇن دەۋرىمىز .

چاقىرىپ مەردانىلەرنى ئىسلاھات دولقۇنىغا ،
باي بولۇشنىڭ يولىنى كەڭ ئاچتى ئالتۇن دەۋرىمىز .

ئانا يۇرت رۇخسارىدىن جەننەتنى ھەيران قالدۇرۇپ ،
تاغ ، دالا ، گۈلشەن ئارا نۇر چاچتى ئالتۇن دەۋرىمىز .

ھۆر ۋەتەن بۇلبۇللىرىغا تۇگىمەس ئىلھام بېرىپ ،
ئەلنى مەپتۇن قىلغۇدەك سايراتتى ئالتۇن دەۋرىمىز .

باغدۇرۇپ بوستان دىيارغا مولچىلىق ، مەمۇرچىلىق ،
كەڭرى مەيداندا ساما قايناتتى ئالتۇن دەۋرىمىز .

جەم قىلىپ ياش غۇنچىلارنى مەرىپەت گۈلزارىغا ،
قەلبىنى ئىرپان بىلەن چاقناتتى ئالتۇن دەۋرىمىز .

كىرگۈزۈپ سەھرا ، شەھەرنى خۇددى بايرام تۈسىگە ،
زەپ يېقىملىق كۈي ـ ناۋا ياڭراتتى ئالتۇن دەۋرىمىز .

## دېھقان

زېمىننى پۈركىگەچ گۈلگە جاپالىق مېھنىتىڭ ، دېھقان ،
ھامان ئەل ـ يۇرت ئارا چوڭدۇر ئىناۋەت ـ ھۆرمىتىڭ ، دېھقان .

ئىجادكار شەپقىتى بىرلە چىناردەك تىكلىنىپ قەددىڭ ،
تۇرار جۇشقۇنلىنىپ ھەردەم شىجائەت ـ جۈرئىتىڭ ، دېھقان .

قىشۇ ياز تەر تۆكۈپ تىنماي ياساپ چىقتىڭ « گۆھەر » دىن تاغ ،
ئەجرىڭ قەنتنى چاقتىڭ يېتىپ كۆككە بېشىڭ ، دېھقان .

دېتىڭ ھەم غەيرىتىڭ بولغاچ كېلىپتۇ ئامىتىڭ قوشلاپ ،
قوتانغا سىغمىدى ھەتتا سېمىز چارۋا ـ مېلىڭ ، دېھقان .

ئەزەلدىن داستىخانىڭ كەڭ ، سۆزۈڭ ، قەلبىڭ گۈزەل بولغاچ ،
يورۇق ـ ئازادە خانەڭدىن ئۈزۈلمەس مېھمىنىڭ ، دېھقان .

قۇرۇپسەن يېڭىدىن زاۋۇت ، ئىكەن بەك قوللىرىڭ ئەپچىل ،
روناق تاپتىڭ تولۇپ تاشقاچ مادار ۋە ئىدرىكىڭ ، دېھقان .

پۇلۇڭنى جايىغا خەجلەپ سېلىپ بەردىڭ يەنە مەكتەپ ،
مائارىپ سۆيگۈچى بولدۇڭ ، ئازالدى شۆھرىتىڭ ، دېھقان .

ياراتتىڭ شۇنچە كۆپ تۆھپە ، بىراق خالى تەمەننادىن ،
زامانەم ئەھلىگە ئۆرنەك ئاشۇ پاك خىسلىتىڭ ، دېھقان .

سەپەرنىڭ تۆھپىكارى سەن ، مېدال چاقنايدۇ كۆكسۈڭدە ،
شۇدەم تىللاردا داستاندۇر شەرەپلىك ئىش ـ ئىزىڭ ، دېھقان .

## ھەرگىز

كۆزەت ھەر ئىشنى دىل كۆزدە ، يولۇڭدىن ئازمىغىن ھەرگىز ،
نادانلىق ئىلكىدە غەپلەت لېيىغا پاتمىغىن ھەرگىز .

بولۇپ پاك ۋە دىيانەتلىك چىرىكلىكتىن ھەزەر ئەيلە ،
تېرىقتەك پايدىنى كۆزلەپ يۈزۈڭنى ساتمىغىن ھەرگىز .

ئۆمۈر بويى بولۇپ ئۆتكىن ۋەتەنگە چىن ساداقەتمەن ،
قىزىل تۇغ ئالدىدا بەرگەن قەسەمدىن يانمىغىن ھەرگىز .

مۇشەققەت ئاستىدا راھەت دېگەن باتۇرغا ئاشىقمەن ،
بەختكە ئىنتىزار بولساڭ جاپادىن قاچمىغىن ھەرگىز .

ۋاقىت ئۇچقۇر ، ھايات قىممەت ، قولۇڭدىن كەتمىسۇن پۇرسەت ،
« بېكەتكە يەتتى كوڭكام » دەپ بەھۇزۇر ياتمىغىن ھەرگىز.

دىلى بىر ، نىيىتى خالىس قېرىنداشلار ئاراسىغا
ئاداۋەت ۋە ئارازلىقنىڭ ئۇرۇقىن چاچمىغىن ھەرگىز .

ئۆزۈڭنى ھەر قاچان چەكسىز دېڭىزنىڭ تامچىسى دەپ بىل ،
قانائەت ھەمدە مەغرۇرلۇق يولىغا ماڭمىغىن ھەرگىز .

يولۇڭ پارلاق ، لېكىن مۇشكۈل جانانىڭ ۋەسلىگە يەتمەك ،
بولۇپ پەرھادى خەلقىمنىڭ چېلىشتا ھارمىغىن ھەرگىز .

## يۇرتۇم

يېتىپ كەلگەچكە سەن كۆتكەن خۇشاللىق چاغلىرىڭ يۇرتۇم ،
چۆمۈلدى توي ناۋاسىغا دالا ھەم تاغلىرىڭ يۇرتۇم .

تۇغۇلدۇم سەندە ، چوڭ بولدۇم ، مۇقەددەس قىبلىگاھىمسەن ،
بىلىنگەي مەن ئۈچۈن گۈلشەن قاقاسلىق سايلىرىڭ يۇرتۇم .

نەھاجەت ماڭا ئىنتىلمەك خىيالىي باغۇ ئىرەمگە ،
بىرەر جەننەت ھۇزۇرىنى چىمەنزار باغلىرىڭ يۇرتۇم .

بولۇپ سەپىڭ چەۋەندازى روناق تاپتى ھالال تەردىن ،
قۇرۇپ كارخانا ھەم زاۋۇت ئەقىللىق بايلىرىڭ يۇرتۇم .

مۇسەففا ① تەندۇرۇس بولغاي بىمارلار كەلسە قوينۇڭغا ،
شىپادۇر ساپ ھاۋايىڭ ھەم قىمىز ، سۈت چايلىرىڭ يۇرتۇم .

بەھەيۋەت تاغلىرىڭ كۆركەم ، زىلال سۇ ئۆكسۈمەي ئاققاچ ،
قىشۇ ياز ئوتلىشار ئۇندا كالا ، قوي ، تايلىرىڭ يۇرتۇم .

---

① تازا مەنىسىدە

توقار ئەتلەس ، گىلەم ، شايى قوشۇپ دىل رىشتىنى ھەرچاغ ،
چىۋەر ، چاققان ، ماھارەتلىك قولى گۈل ئايلىرىڭ يۇرتۇم .

## بىرلىك

بېغىشلار مەڭگۈ خەلقىمگە ھېسابسىز كۈچ – مادار بىرلىك ،
قەلبلەرگە بېرىپ دەرمان گويا بالدەك ياقار بىرلىك .

ئانا يۇرت سۆيگۈ – مېھرىدىن يۈرەكلەرنى قىلىپ ئاتەش ،
ئەقىدە رىشتىسى بىرلە ئۈزۈلمەسكە چاتار بىرلىك .

كېتەلمەس ئىشقىۋاز بۇلبۇل ۋەتەننىڭ لالىزارىدىن ،
تېپىلماس ھۆسنىگە تەڭداش ياراتقاچ نەۋباھار بىرلىك .

قىزىل تۇغلۇق بۈيۈك كارۋان يولىنى توسسا گەر مۈشكۈل ،
شىجائەت ئۇرغۇتۇپ جەڭدە زەپەرگە يول ئاچار بىرلىك .

چېگرا بۈركۈتى — ھوشيار پىدائىي جەڭگىۋارلارنىڭ
دىلىغا چىن ھارارەتلىك ، سېخىي نۇرلار چاچار بىرلىك .

ئۆزىنى چاغلىماي سەكرەپ بۆلۈنگەن بۆرىگە يەمدۇر ،
ۋاپاسىز لەنتىلەرنى، تۇتۇپ دارغا ئاسار بىرلىك .

ئەزىزدۇر بىز ئۈچۈن جاندىن چىڭتتقايمىز ئۇنى ھەردەم ،
ئاداققى پەللىگە بىزنى، ئۇدۇل باشلاپ بارار بىرلىك .

# يەنە

خۇش پۇراق چاچتى ۋەتەندە يېپيېڭى خىسلەت يەنە ،
قاپلىدى دىللارنى شادلىق يەتكۈزۈپ شەپقەت يەنە .

كەڭ ئېچىپ ئالقاننى مەردلەر سالدى مەكتەپ ، يەسلىلەر ،
كۆكسىدە چاقناپ مېداللار تاپتى زور شۆھرەت يەنە .

يارىلىپ ھەر سەپتە مىڭلاپ ئوت يۈرەك لېي فىڭچىلار ،
قىلدى ئەلگە خالىسانە شۇنچە كۆپ خىزمەت يەنە .

ياڭرىدى بالىنىستىنا كۈن – تۈن مېھرىبانلىق ناخشىسى ،
ھارمىدى دوختۇر كېسەلگە ئىچۈرۈپ شەربەت يەنە .

تېپىۋالسا كىمكى ئالتۇن كۆز قىرىنى سالمىدى ،
ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى چېكىپ كۈلپەت يەنە .

قوشنىلارنىڭ شەپقىتىدىن دىاى سۇ ئىچكەچ قىنىپ ،
تۇل خوتۇن ، تەنها بوۋايلار دېدى كۆپ رەھمەت يەنە .

ياخشى ئىشنى قىلدى ئىزدەپ يەنگە ئاشىق غۇنچىلار ،
ئاپىرىن ئېيتىشتى بارچە ياغدۇرۇپ ئىززەت يەنە .

تاڭ ساباسىدەك يۈرەككە ياقتى ئىللىق كەيپىيات ،
بەخش ئېتىپ ئەلگە ئاجايىپ جەڭگىۋار قۇدرەت يەنە .

يېڭى ئەخلاق، چىن پەزىلەت گۈللىرى ياشنار ئەبەت،
دەۋرىمىز باتۇرلىرىدەك بولسا زور جۈرئەت يەنە.

1989 - ، 1990 - يىللار.

## مۇقام ئىلھامى

خەلقىنىڭ بايلىقى — بوستانى مۇقام،
سۆيگۈنى، شادلىقى، ئارمانى مۇقام،
كۈيلەرنىڭ ئاتەشلىك چوغدانى مۇقام،
مەردلەرنىڭ چىن يۈرەك گۈلخانى مۇقام.

ئۆزھال ھەم چەببيات، چارىگاھ، ئۇششاق،
ئەجەم، راك، مۇشاۋرەك، ناۋا ھەم ئىراق،
پەنجىگاھ، سىگاھ ھەم باياتى ياڭراق،
دۇنياۋى ئاھاڭلار سۇلتانى مۇقام.

تۇغۇلدۇق بىز ئاڭا بولۇپ پەرۋانە،
يەتكۈزدى تۇردىكام ئەلگە مەردانە،
زوقلاندى ئىستامبۇل، لوندون، پەرغانە،
سەنئەت ئاسمىنىنىڭ چولپانى مۇقام.

چىن ۋاپا، ئەقىدە چاقنىغاچ ئەبەت،
چاچار ئۇ دىللارغا ئەقىل ۋە نۇسرەت،
ھەر بىرى ئۆزگىچە بىغىشلار لەززەت،
بولۇپ كۈي - نەغمىلەر فونتانى مۇقام.

بەخش ئېتىپ گۈزەل كۈي سانسىز بۇلبۇلغا ،
ياڭراپ شۇ ساتارنى ئالغاندا قولغا ،
ئۇندەپ قىز - يىگىتنى ناخشا - ئۇسسۇلغا ،
قىلدۇرار سەھنىدە جەۋلانى مۇقام .

ئۇ شۇنچە بىباھا ، قەدىرلىكتۇر ئەڭ ،
چاقنايدۇ يۇلتۇزدەك ئالەم بىلەن تەڭ ،
ئىنسانلار قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ كەڭ ،
بولغاي ئۇ دىللارنىڭ دەرمانى مۇقام .

تۈگىمەس كۈيلىسەك داڭقى - تەرىپى ،
قايىلدۇر جاھاننىڭ مەشرىق - مەغرىبى ،
ئۇ بىلەن ئاشماقتا ۋەتەن شۆھرىتى ،
يارالغاچ گۈللەشنىڭ ئىمكانى مۇقام .

1990 - يىل ، يەكەن

## مۇنار ۋە چاشقان

( مەسەل )

بار ئىدى بىر چوڭ مۇنار يۇرتىمىزدا ،
قارايتتۇق ھەر بىر ئۆتكەن چېغىمىزدا .

بارچىمىز زوقلىناتتۇق قامىتىدىن ،
ساق ئۆتكەچ بوران - چاپقۇن ئاپىتىدىن .

قىلىنغاچ بېتون بىلەن ئۇلى مەھكەم ،
ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرار ھەر دەم .

بىر كۈنى كەلدى ئىزدەپ توكۇر چاشقان ،
ياش تۆكۈپ كۆزلىرىدىن مۇڭغا پاتقان .

مۇنارغا ھۆرمەت بىلەن قىلىپ تازىم ،
دېدى ئۇ : « ئېچىنىشلىق مېنىڭ ھالىم ؛

مۈشۈكنىڭ چاڭگىلىدىن كەلدىم قېچىپ ،
قۇتقۇزۇڭ بۇ خەتەردىن رەھىم قىلىپ .

بەرسىڭىز قوينىڭىزدىن پاناھلىق جاي ،
بىر ئۆمۈر چاكار بولۇپ قىلىمەن باي ... »

ئىشلىتىپ چاشقان شۇدەم ھۈنىرىنى ،
تەڭلىدى ئوغرىلىغان گۆھىرىنى .

دېدى ئۇ : « قوبۇل ئەيلەپ كۆڭلۈمنى سىز ،
ئىجابەت قىلىڭ ئارزۇ ـ تىلەكنى تېز » .

شۇ ھامان نەرە تارتىپ زېمىن ـ ئاسمان ،
دېدى : « ھەي ، ئاقىۋەتنى ئويلا ئوبدان .

بايقىغىن بەدنىيەتنىڭ غەرىزىنى ،
يەنىچۇەت ئۇ چىرتكۈچ مەردىزىنى .

نەپسىڭنى باشقۇرمىساڭ سەنمۇ ئەگەر ،
بولغۇسى ئاز كۈندىلا ھالىڭ خەتەر .

ئالدىڭدا باش ئۇرسىمۇ ئالدامچى پەس ،
قۇستۇرار بەرگىنىنى باسقاندا نەس ... »

گۆھەردىن قاماشقاچقا مۇنار كۆزى ،
كىرمىدى قۇلىقىغا يەرنىڭ سۆزى .

ئويلىدى « ئۇ ئۆلۈمتۈك تۇرسا قۇرتتەك ،
ئۇياتقۇ مىتىلەردىن قورقۇپ يۈرمەك ... »

گۆھەرنى سالدى مۇنار چۆنتىكىگە ،
كىردى ھەم چاشقان ئۇنىڭ يۈرىكىگە .

غەنىمەت بىلىپ پەيتنى ئۇ بەچچىغەر ،
كولىدى مۇنار ئۆلىن شامۇ سەھەر .

ئاستىدىن ئۇۋا قازغاچ ئارام ئالماي ،
لىڭشىدى كاتتا مۇنار ئۇزاق قالماي .

ئۆرۈلۈپ بولدى ئاخىر كۇكۇم ـ تالقان .
تاشلىدى ھاڭغا ئۇنى توكۇر چاشقان .

× ×

ئەگەر كىم ھىيلىگەرنى چاغلىسا سەل ،
كۈتىدۇ ھەر دوقمۇشتا ئۇنى ئەجەل .

ئۇنداقلار كۆرۈپ مۇنار قىسمىتىنى ،
تۇگەتسۇن پارىخورلۇق ئىللىتىنى .

1990 - يىل ، يانۋار

## تۈزكورنىڭ جازاسى

( مەسەل )

كەگرى باغنى كېيىپ بېشىغا ،
دەپتۇ ئانار تۇرۇپ شېخىدا :

تېپىلمايدۇ مەندەك مۆجىزات ،
بېغىشلايمەن ئىنسانغا ھايات .

بولسا نەدە زىبايەت - سورۇن ،
ماڭا تۆردىن تېگىدۇ ئورۇن .

تېۋىپ مەندىن ياساپ مۇراببا ،
بىتابلارنى قىلار مۇسەپپا ...

بۇ گەپلەرنى مېۋىلەر ئاڭلاپ ،
دەپتۇ شۇنداق زەردىسى قايناپ :

ساڭا ئوزۇق بەرمىسە تۇپراق ،
بېرەلەمتىڭ مېۋىلەر شۇنداق .

يىلتىز ساڭا يەتكۈزمىسە سۇ ،
ھاياتىڭنىڭ تۈگەشكىنى شۇ ؛

دېگەنلىرىڭ بولسا گەر بەرھەق ،
ياشاپ باققىن كۆكتە مۇئەللەق ...

پىسەنت قىلماي ئانار بۇ گەپكە ،
ۋالاقلاپتۇ تۇرۇپ بىر چەتتە :

كۆرگىنىم يوق يىلتىز دېگەننى ،
يەر تەكتىگە مۆكۈپ يۈرگەننى .

ئۇنىڭسىزمۇ تۇرىمەن كۆركەم ،
خاسىيەتلىك ياراتقاچ ئىگەم .

قىلمىسىمۇ ھېچكىم شاپائەت ،
مېۋىلەيمەن شۇنداق كارامەت .

يىلتىز ـ تۇپراق كەلسە كېرەككە ،
مېۋە ئاتا قىلسۇن تېرەككە ...

* *

ئانار قالتىس ئېشىپ ھەددىدىن ،
جۆيلۈۋەرگەچ ئېزىپ ئەقلىدىن .

بىر سىلكىنىپ يىلتىز ئامالسىز ،
ئۈزۈلۈپتۇ غولدىن ھايالسىز .

كېسلگەچكە ئوزۇقلۇق يولى ،
سولشىپتۇ ئوتقاشتەك گۈلى .

ئانار شۇ دەم بولۇپتۇ قاقشال ،
يىقىلىپتۇ سوققاچقا شامال .

* *

كىمكى ئەگەر قىلسا تۈزكورلۇق ،
باسار ئۇنى پالاكەت ، شۇملۇق .

1990 - يىل ، يانۋار



# نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك

( چۆچەك )

بەكمۇ قەدىم زاماندا ،
گۈزەل پامىر تاماندا .
ياشار ئىكەن ئىككى دوست ،
قوينى گۈلشەن ماكاندا .

شاد ناخشىلار ياڭرىتىپ ،
مال باقاركەن يايلاقتا .
چىن دىلىدىن كۆيۈنۈپ ،
ھەر بىر قوزا ـ تايچاقتا .

ئىسمى ھەسەن ـ ھۈسەيىن ،
ئىكەن ئۇلار جۈپ ئوغۇل .
بىر ـ بىرىدىن قېلىشماس ،
ھۈنىرى بار ـ قولى گۈل .

تالدا سېۋەت توقاركەن ،
بىكار ۋاقىت تاپسىلا .
سۆيۈنەركەن ئاتىسى ،
كەچتە ئېلىپ بارسىلا .

يىللار ئۆتۈپ ھەسەننىڭ
ئۆزگىرىپتۇ خۇي ـ پەيلى.
تونۇگۇز قاتراپ ئىچىدە،
يوچۇن سەۋەب تۇپەيلى.

يېتىلگەچكە ھۇسەيىن،
بولۇپ شۇنداق ئاق كۆڭۈل.
تەر ئاققۇزۇپ جاپالىق،
توپلىغانكەن نۇرغۇن پۇل.

قانداقلىكى ئەھۋالدا
تۇرغاچ ھالال لەۋزىدە.
تىكلەپتۇ ئۇ ئىناۋەت،
كۆپچىلىكنىڭ قەلبىدە.

ئىشلەتمەپتۇ ساختىلىق،
ھۇنىرىگە قىلچىمۇ.
توغراق، يۇلغۇن تاللىرى
قوللىرىنى تىلسىمۇ.

بولغاچ سېۋەت يارامىلىق،
ئاپتۇ ھەممە تالىشىپ.
«راستتىن قولۇڭ گۈل ئىكەن»
دەپتۇ تەگلا ماختىشىپ.

ئادىل بولۇپ سودىدا ،
تالاشماپتۇ باھانى .
ئىسىل خىسلەت نۇر چېچىپ ،
ئىگىلەپتۇ بازارنى .

دەيدىكەن ئۇ دائىما :
« قولنىڭ كىرى پۇل دېگەن ،
ئەلنى رازى قىلىمەن ،
مېڭىپ توغرا يول بىلەن » .

يەيدىكەن ئۇ ھەمىشە
باشقىلارنىڭ غېمىنى ؛
بېرىدىكەن قوپۇرۇپ
ئاجىزلارنىڭ تېمىنى ...

* *

ئامراق ئىكەن ھەسەنجان ،
قول ئۇچىدا ئىشلەشكە .
چېكىسىنى تەرلەتمەي ،
تەييار ناننى چىشلەشكە .

ساتار ئىكەن بەزىدە ،
گۆش كۆرسىتىپ ئۆپكىنى .
ھىيلە - مىكىر قۇۋلۇقتا
تاك قالدۇرۇپ تۈلكىنى .

دەيدىكەن ئۇ ماختىنىپ ،
« خېرىدارنىڭ كۆزى كور .
پەرق ئەتمەيدۇ ياخشىنى ،
ئىشەنمىسەڭ قاراپ تۇر .

سىتىپ ئالار تالىشىپ ،
نەرخى ئەرزان بولسىلا .
نىمە كارىم خەق بىلەن ،
يانچۇق پۇلغا تولسىلا ... »

بولۇپ شۇنداق هاماقەت ،
تۇتمىغاچقا سۈپەتنى .
چۆچۈرىنى خام ساناپ ،
قاچۇرۇپتۇ چۆپقەتنى .

تۇرسا گۇناھ ئۆزىدە ،
هۆسەيىننى قاغاپتۇ :
« سەن كاساپەت دەستىدىن
سېۋىتىمنى ئالماپتۇ ؛

چىقار ئىدىم پۇخادىن ،
باسسا سىنى پالاكەت .
كۆتمىگەندە دۇم چۈشۈپ ،
يىسەڭ ئىغىر تالاپەت ... »

تولغىنىپتۇ ھەسەنجان ،
يىلان ـ چايان چاقىقاندەك ؛
لاخشىگىرنى قىزىتىپ
كۆكرىكىگە ياققاندەك .

كۆيۈپ ھەسەت ئوتىدا ،
چوڭقۇر غەمگە چۆكۈپتۇ .
قىلىپ ئالا كۆڭۈللۈك ،
شۇم غەرەزنى پۈكۈپتۇ .

* *

قوينى بېقىپ ھۆسەيىن ،
ئەتىگەندىن كەچكىچە .
يەنە سېۋەت توقۇپتۇ ،
ئەل ئۇيقۇغا كەتكىچە .

ئۇنىڭ ئىشچانلىقىغا
زوقلىنار كەن تولۇن ئاي .
كېزىپ ئاسمان قوينىنى ،
چاچار كەن نۇر توختىماي .

سېۋەتلەرنى ھۆسەيىن
رەتلەپ تىزىپ ھويلىغا ،
ياستۇقىغا باش قويۇپ ،
غەرق بولۇپتۇ ئۇيقۇغا .

ئۇخلاپ تۇرسۇن ھۇسەيىن،
گەپ ئاڭلايلى ھەسەندىن.
ئۆچ ئىلىشىنىڭ پەيتىنى
كۈتكەن ئىدى ئەزەلدىن.

ھۇسەيىنىنىڭ ئۆيىگە
كىلىپ ھەسەن ئالدىراپ؛
كۆرۈپ نۇرغۇن سىۋەتنى،
قاپتۇ بىردىن گاڭگىراپ.

ئىلىپ چىقىپ تالاغا،
سىۋەتلەرنى تۇيدۇرماي.
كۆيدۇرۇپتۇ ياغ چېچىپ،
بىرىنىمۇ قالدۇرماي.

تۇرسا بىر چاغ ھۇسەيىن،
كۆرۈنمەپتۇ سىۋەتلەر،
بۇنداق ئىشقا يولۇقسا،
ئۆرتەنمەمدۇ يۈرەكلەر!

چىقىپ ئىشىك ئالدىغا،
بىر دۆۋە كۈل كۆرۈپتۇ؛
ئەگىكىگە ئىچىنىپ،
يۈز - كۆزىگە سۈرۈپتۇ.

ئاپتۇ كۆلنى پاكىزە ،
خالتىسىغا ئاۋايلاپ ،
ئۇ خلاپ قاپتۇ مۇگلىنىپ ،
ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ .

كۆپ ئۆتمەستىن چۈشىدە ،
كۆرۈپتۇ بىر كارامەت .
« خىزىر » سىيلاپ بېشىنى ،
ياغدۇرغانمىش شاپائەت .

ئۇ دېگەنمىش : ئالتۇنغا
ئايلاندۇراي كۆلۈڭنى .
ئېچىلدۇرۇپ قايتىدىن ،
سولغان مېھنەت گۈلۈڭنى ...

يىگىت دەرھال ئويغانسا ،
كۆللەر ئالتۇن بولۇپتۇ .
كۆتۈلمىگەن ئامەتتىن
خۇشاللىققا تولۇپتۇ .

بۇ خۇش خەۋەر تېزلىكتە
يۇرت ئىچىگە تارقاپتۇ .
دەپتۇ ھەممە « ئىشچاننىڭ
ئەجرى يەردە قالماپتۇ ... »

*           *

ھەسەن ئاڭلاپ چىدالماي ،
نالە قىپتۇ خۇداغا .
دەپتۇ : « مېھىر ـ شەپقەتنى ،
تەڭ قىل پۈتۈن پۇقراغا ؛

ئوڭ كۆزۈڭدە نەزەر سال ،
مەندەك ئاجىز بەندەڭگە .
كاملاپ كەتمەس خەزىنەڭ ،
ماڭا ئازراق بەرگەنگە ... »

كۆيدۈرۈپتۇ شۇنداق دەپ ،
سېۋىتىنىڭ ھەممىنى .
كۈلنى سۆيۈپ يىغلاپتۇ ،
تىلەپ غايىب بەختىنى .

يولىماستىن ھېچ « خىزىر » ،
تالاي كېچە ئۆتۈپتۇ .
ئۇخلىيالماي تەمەدە ،
ئۇ داۋاملىق كۈتۈپتۇ ...

چىدىماستىن زىيانغا ،
ساپتۇ ئاخىر ھازىنى .
تەمسىل شۇكى ، تۆشۈكتۇر —
بەدنىيەتنىڭ قازىنى .

1990 ـ يىل ، فېۋرال

## رۇبائىيلار

بولسىمۇ چۇمۇلە ئاجىز ھەم كىچىك ،
ياشايدۇ بىر ئۆمۈر مەردانە ، تېتىك .
ھېچقانداق مەخلۇقات قىلالماس بوزەك ،
ئۆم قىلغاچ ئۇلارنى مۇستەھكەم بىرلىك .

* *

مەڭگۈلۈك ئەمەستۇر بايلىق ۋە ئەمەل ،
بىل ، ساڭا نىسىپ ئۇ پەقەت بىر مەھەل .
ئەسىرلەر ئۆتسىمۇ ئۆچمەيدۇ نامىڭ ،
بال ھەرە تىمسالى تۆلىسەڭ بەدەل .

ئوت بىلەن ئويناشماق نادانىنىڭ ئىشى ،
مۇنارغا مۇشت ئاتماس ھېچ ئاقىل كىشى .
كېلەلمەس ھېچقاچان تەڭ تۇخۇم تاشقا ،
بىلمىسە كىم بۇنى يىرىلار بېشى .

* *

دوستۇم دېمە كۈلۈپ قويسىلا ،
ھەم ئۇچۇرۇپ ماختاپ تۇرسىلا ،
ئىسىت ، دەيسەن لېۋىڭنى چىشلەپ ،
داملاپ تۇرۇپ يەرگە ئۇرسىلا .

*   *

كولاۋەرسەڭ توختىماي ئەگەر ،
كۆيلۈۋاتقان ئوتۇڭمۇ ئۆچەر .
تاشلىمساڭ چوكىنى ئاداش ،
يىقىن ئۆتكەن قوشناڭمۇ كۆچەر .

1990 - يىل ، ئاپرېل

## قىممەتلىك سوۋغات

نۇر بوۋاي ياسىنىپ خۇددى يىگىتتەك ،
سەھەردە يول ئالدى شەھەرگە قاراپ .
سېۋەتلەپ ئالمىنى سىلىپ هارۋىغا ،
ئېيماقدى سۆيۈملۈك كىشىگە ئاتاپ .
ئايالى لەيلىخان چىقىپ هويلىدىن :
دېدى : « هوي دادىسى ،
ماڭلا قەيەرگە ؟ »
دېدى ئۇ جاۋابەن : « مۇهىم ئىش بىلەن ،
كىرەي دەپ تەمشەلدىم بۈگۈن شەهەرگە ... »
تىرىكىپ لەيلىخان دېدى : « ئېيتسىلا ،
بار ئىدى شەهەردە قانداق زۆرۈر ئىش ؟
تارقاتتۇق باغاقنى ئەتىگە توي دەپ ،
كېرەككۇ ئوبدانراق تەييارلىق قىلىش ... »
« تەكىتلەش بىهاجەت ، - دېدى نۇر بوۋاي ، -

ياشىنىپ قالسامۇ جايىدا ئەقلىم .
ئۇنتۇسام توينى دەپ شەپقەتچىلەرنى ،
خىجىللىق ئوتىدا كۆيمەمدۇ قەلبىم ؟ »
لەيلىخان تىڭىرقاپ قالدى بىر چەتتە ،
پۇشايمان قىلغاندەك دېگەن گېپىگە .
بوۋاينىڭ سۆزلىرى خۇددى چاقماقتەك ،
يالت قىلىپ بىر ئىشنى سالدى ئېسىگە .

* *

ئالتە يىل ئىلگىرى كۈتۈلمىگەندە ،
يېزىدا تۇيۇقسىز تەۋرىدى زېمىن .
سىلكىنىپ تۈك سوققان ئادەمگە ئوخشاش ،
ئۆرۈلدى گۈمبۈرلەپ ئۆيلەرمۇ تېزدىن .
ساراسىم ئىلكىدە قالغاندا ئەل - يۇرت ،
ئاسماندىن چۈشكەندەك كەلدى جەڭچىلەر .
قۇتقۇزۇش جېڭىدە قورقماي خەتەردىن ،
كۆلدۈرۈپ دىللارنى قۇچتى غەلىبىلەر .
ئەكەلدى تېزلىكتە دوختۇرخانىغا ،
كۆتۈرۈپ جەڭچىلەر تالاي كېسەلنى .
ھاياتلىق كەۋسىرى ئىچۈرۈپ دەرھال ،
قوغلىدى ھۆرپىيىپ تۇرغان ئەجەلنى .
شاپائەتچىلەرنىڭ ئوتلۇق مېھرىدىن ،
ساقىيىپ نۇر بوۋاي تولدى غەيرەتكە .
يۇرتنى قايتىدىن گۈللىتىش ئۈچۈن ،

ياسىدى چۆلدە باغ كىلىپ ھەرىكەتكە .
تەر تۆكۈپ جاپالىق ئىشلىدى ھارماي ،
كۆچەتلەر ئىشقىدا بولۇپ پەرۋانە .
ئاسرىدى بوراندىن ھەر تال كۆچەتنى ،
قامەتلىك چىناردەك تۇرۇپ مەردانە .
ئەمگەكچان بوۋاينىڭ ھالال ئەجرىدىن ،
ھە ، مانا كۆچەتلەر كىردى مېۋىگە .
تۈنجى رەت رەڭ تۈزەپ پىشقان ئالمىنى ،
تۇتماقچى بۈگۈن ئۇ يېقىن كىشىگە ...

1990 - يىل ، ئاۋغۇست

## ئانا ، مېنىڭ ئۆز خىلىم بار

( تېيىپجان ئېلىيوۋنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس )

دېسە ئۇ : « ئۆي سالدىم ئالامەت قىلىپ ،
قوشۇلسا بۇ تويغا ئىجازەت قىلىپ ،
ئۆتكۈزەي توينىمۇ كارامەت قىلىپ .. »
ئانا ، ئۇ يىگىتكە دالالەت قىلىپ ،
چېچىلماڭ ، دىلىمنى جاراھەت قىلىپ .

يۈرەر ئۇ جان بېقىپ ، ھارام پۇل بىلەن ،
چوغىنمۇ كاپ ئېتەر تۇتۇپ قول بىلەن ،
ئىسمىنى ئاڭلىسام جۇغۇلدايدۇ تەن ،

تونۇيمەن ئۇ يۈزسىز ھايانكەشنى مەن ،
بولۇپ قاپتۇ يۈزلۈك « تاپاۋەت » قىلىپ .

ساتقىنى ئەتكەس مال تەگدىن تولىسى ،
قاغايدۇ خېرىدار قايناپ ئۇۋغىسى ،
يۈرىسمۇ قۇم ساناپ سۇنار كوزىسى ،
ھەمىشەملا پىنھان ئۇنىڭ سودىسى ،
سېزەلمەيدىكەنسىز نازارەت قىلىپ .

قەلەمقاش كۆرسىلا دەيدىكەن : « كېلىڭ ،
كۆگۈللۈك سورۇنغا مەرھەمەت قىلىڭ .
ياشلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ راس ئىچىڭ ... »
غېرىب ئانىسىنى قويۇپ ئاچ - يىلىڭ ،
سەتەگلەرگە تۆندە زىياپەت بېرىپ .

تەخسىنى پەر قىلىپ ھەممە جايدا ئۇ ،
چىقىشنى ئويلايدۇ تولۇن ئايغىمۇ ،
يۈرەر ئۇ سەزمەستىن پاتسا لايغىمۇ ،
بېرىپ سوۋغا ئاچكۆز ئەمەلدارغىمۇ ،
پالاقلايدىكەن بەك خۇشامەت قىلىپ .

ماختانسا نىقابنى تارتىپ يۈزىگە ،
لاپ ئۇرسا رام قىلىش ئۈچۈن ئۆزىگە ،
ئايلىنىپ كاززاپنىڭ شەخسىي مۈلكىگە ،
ئەگەر مەن ئېلىنسام ئۇنىڭ ئىلكىگە ،
مېنى خارلىماسمۇ ھاماقەت قىلىپ .

بوغماڭ ، ئەي جان ئانا ، ئەركىمنى مېنىڭ ،
قۇرۇتماڭ ئوتقاشتىنەك كۆلۈمنى مېنىڭ ،
سۆرىمەڭ دوزاخقا قولۇمنى مېنىڭ ،
يېتەر ئەمدى ، توسماڭ يولۇمنى مېنىڭ ؛
چۈشەنمەي ، ماڭا دوق – ئاھانەت قىلىپ .

ئەزەلدىن قۇشقاچمۇ تاق يارالمىغان ،
بۇلبۇلغا بولالماس جورا ئاغمىخان ،
ئاقىللار تاياقنى تاشقا تاڭمىغان ،
مېنىڭ ئۆز خىلىم بار ئۆزۈم تاللىغان ،
يۈرمەس ئۇ غەلىتە تىجارەت قىلىپ .

ئۆتكەچكە ياشلىقى مەكتەپتە ئوقۇپ ،
يېتىشتى پاراسەت – ئەقىلگە تولۇپ ،
ئاچار ئۇ بولسا ھەر تىلسىمات – قۇلۇپ ،
ئۇنىڭ مەنىۋى بايلىقى شۇنچە كۆپ ،
ساداقەتكە قويغان ئامانەت قىلىپ .

قىلىپ ئۇ « مىزان » نى ئەڭگۈشتەر چىراغ ،
قوغلىشىپ يۈرمەيدۇ قىلچە نام – ئاتاق ،
خۇشال ئۇ جاپالار چەكسىمۇ بىراق ،
ياشايدۇ خۇشامەت – تەمەدىن يىراق ،
ھالال مېۋىسىگە قانائەت قىلىپ .

يارايمەن بولۇشقا ئاڭا ھۆددىگەر ،
قىلالماس رام ئۇنى ناپاك جىلۋىگەر ،

مات شەكسىز ئالدىدا كەمەك - ھىيلىگەر،
مۇھەببەتتە زادى ئەمەس سودىگەر،
مېنى قويماس ھەرگىز خىجالەت قىلىپ.

سۆيگۈنى ئەتىۋا كۆرگەچ جېنىدىن،
قەسەملەر پۈتتى ئۇ قىزىل قېنىدىن،
باغلىدى ئەقىدە يۈرەك قېتىدىن،
كېچەلمەيمەن ئەسلا ئۇنىڭ مېھرىدىن،
ۋاپا ئەھدىسىگە خىيانەت قىلىپ.

1990 - يىل، ئۆكتەبىر

## يەكەنگە مەدھىيە

قوينۇڭنى گۈلگە پۈركىدى سولماس باھارىڭ، يەكىنىم،
دىللارنى قىلدى مەھلىيا ئايدەك جامالىڭ، يەكىنىم.

كۆركەم - گۈلىستان سەيلىگاھ، ئالىم - ئەدىبلەر يۇرتىسەن،
كەلدى ئەسىرلەر ساقلىنىپ تارىختا نامىڭ، يەكىنىم.

فۇرقەت، زەلىلى، ھەم رەشىد چاچقاچ ساچا دۇردانىلار،
بولدى نامايان ئەل ئارا كۆپ يادىكارىڭ، يەكىنىم.

ئامانىسا، قېدىرى يۈسۈپ قىلغاچ مۇقامغا جان پىدا،
ياڭرار جاھان سەيناسىدا تەمبۇر، ساتارىڭ، يەكىنىم.

كومپارتىيە بەرگەچ مەدەت تاپتىڭ كامالەت كۈنسېرى،
ئاچتى چېچەكلەر بەرق ئۇرۇپ ئارزۇ ۋىسالىڭ، يەكىنىم.

خەلقنىڭ كۆرەشچان ھەم زىرەك ، بولغاچ ئىسىل خىسلەتكە باي ،
ئاشلىق ۋە پاختا كانىدۇر مۇنبەت دىيارىڭ ، يەكىنىم .

پەرھادلىرىڭنىڭ ئەجرىدىن چۆللەردە باغ بولدى بىنا ،
تەڭگە شىپالىقتۇر بادام ، ئالما ، ئانارىڭ ، يەكىنىم .

يايلاقلىرىڭدا چارۋىلار ئوتلايدۇ ھەريان سەكرىشىپ ،
دەۋرىمگە ئالقىش ياغدۇرار سانسىز چوپانىڭ ، يەكىنىم .

دېھقانلىرىڭ بەرىكەت تېپىپ سۇردى ھالاۋەت پەيزىنى ،
بولدى بەختىنىڭ قاينىمى ئىللىق قۇچاقىڭ ، يەكىنىم .

زەرباب ، يىپەك ، ئەتلەس ، تاۋار تۇرغاچ دۇكاندا يالتىراپ ،
بولدى باياشات مولچىلىق ئاۋات بازارىڭ ، يەكىنىم .

ھەيۋەت بىنالار قەد كىرىپ سۆيدى بۇلۇتنىڭ مەڭزىنى ،
توزدەك ياساندىڭ بولدى ھەل يۇكسەك مۇرادىڭ ، يەكىنىم .

قوينۇڭدا مىللەتلەر ئىناق ، قىزىتتى بەيگە ھەممە ۋاق ،
ئاشتى ئەمەلگە شان قۇچۇپ ئۆرلەش شۇئارىڭ ، يەكىنىم .

ئۆرلە پەلەككە توختىماي ، بولۇپ سەپەرنىڭ دۇلدۇلى ،
ماڭدى يېتەكلەپ غەلبىگە چىن پاسبانىڭ ، يەكىنىم .

1992 - يىل ، يانۋار

## ئەلۋىدا ، شائىر سۆزۈك

كەڭ قوچاق ئاچقاندا ھۆر دەۋرانىمىز ،
غەم تۈگەپ بولغاندا ھەل ئارمانىڭىز ،
ئۇرغۇغاندا جۇش ئۇرۇپ ئىلھامىڭىز ،
ئەيلىدى دىلنى يارا ۋاپاتىڭىز ،
ئەلۋىدا ، شائىر سۆزۈك ئۇستازىمىز .

*　*

جىسمىڭىز بولغاچ مىسالى بىر پولات ،
يەڭدىڭىز باسسا ئەلەملەر قاتمۇقات ،
تارتىدى تۆھمەت تۇماندەك بولدى مات ،
ئاچتى سىزگە باغرىنى ئىللىق ھايات ،
كەلدى غالىب تەۋرىمەس ئىرادىڭىز .

بىر ئۆمۈر جەڭگاھ ئىچىدە ئۆتتىڭىز ،
ئەل - ۋەتەننى كۆڭلىڭىزگە پۈكتىڭىز ،
ئەل پىغان چەككەندە سىز ياش تۆكتىڭىز ،
كۈلسە ئەل خەندان ئۇرۇپ تەڭ كۈلدىڭىز ،
بولدى دىللارغا شىپا ئەشئارىڭىز .

ئىدىڭىز مىننەت - تەمەننادىن يىراق ،
دەيتتىڭىز : « خەلقىم ماڭا بەردى تاماق ،
ياشىسام قەرزىم ئادا بولماي بىراق ،

قىلسا ۋىجدانىم مېنى قاتتىق سوراق ،
بەرگۈسى قانداق جاۋاب ئوغلانىڭىز ؟!»

سىز يېتىشكەچ شېئىرىيەتتە ۋايىغا ،
قۇيدىڭىز كەۋسەر كۆكۈللەر جامىغا ،
شۇم ئەجەل باقمايدىكەن ئەل رايىغا ،
كەتتىڭىز باقىي ئالەم دەرگاھىغا ،
يوق ئىكەن تەقدىر ـ قازاغا چارىمىز .

تىنچ يېتىڭ ئالتۇن مۇناردا ① ئەمدى سىز ،
ياشنىغاي ئالەم بىلەن تەڭ روھىڭىز ،
تۇرىدۇ ياڭراپ ئەبەدكە نەزمىڭىز ،
بەرگۈسى مېۋە تەۋەررۇك ئەجرىڭىز ،
بولغۇسى تىللاردا داستان نامىڭىز ...

1992 ـ يىل ، مارت

## مۇقام ھەققىدە قوشاق

گۈزەل يەكەن ئەزەلدىن
بولغاچ مۇقام دىيارى .
جاراڭلايدۇ ھەر ياندا
ئەلنىڭ تەمبۇر ـ ساتارى .

نامى مەشھۇر يۇرتىمىز ،
مۇقاملارنىڭ بۇلىقى .

① ئالتۇن مۇنار — شائىر دەپنە قىلىنغان قەبرىستانلىقنىڭ ئىسمى .

قۇچىقىدا تۇغۇلغان
ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇقى .

ئامانىسا ، قېدىرخان
ئاشۇلارنىڭ بىرىدۇر .
بارچە سەنئەت ئەھلىنىڭ
ئۇستازىدۇر ، پىرىدۇر .

ئۇلار ئەيلەپ جان پىدا ،
رەتلەپ چىقتى مۇقامنى .
ئۇنى ئەلگە يەتكۈزۈپ ،
خۇشال قىلدى ئاۋامنى .

تۆھپىكارلار ، ئالىملار
غۇرۇرىمىز ، پەخرىمىز .
مېڭىپ ئۇلار ئىزىدىن ،
پەن ئىشقىدا كۆيىمىز .

مۇقام بىزنىڭ جېنىمىز ،
مۇقام بىزنىڭ قېنىمىز ،
ئۇنىڭ بىلەن شادلىققا
تولار بىزنىڭ دىلىمىز .

ئاشۇ بۈيۈك ئەگگۈشتەر
مۇشۇ يەردە يارالغان .

بويلاپ يىپەك يولىنى ،
كەڭ جاھانغا تارالغان .

1992 - يىل ئاۋغۇست ، يەكەن

## جەڭچىلەر

ئەسسالام ، جۇڭخۇا ئېلىنىڭ ئىپتىخارى جەڭچىلەر ،
ھۆر ۋەتەننىڭ تۈۋرۈكى ھەم كۈچ - مادارى جەڭچىلەر ،
خەلقىمىزنىڭ چىن مەدەتكار غەمگۈزارى جەڭچىلەر ،
ئەل بىلەن بىر تەن - قېرىنداش ، پاسىبانى جەڭچىلەر ،
ھەمنەپەس ، تەقدىردىشى ھەم مېھرىبانى جەڭچىلەر .

ئاھ تۇرۇپ زۇلمەت ئىچىدە ئېگىرىغاندا بارچە جان ،
قوزغىلىپ ھەيۋەت بىلەن جەڭگە چۈشتۈڭلار شۇئان ،
ھەق - ئادالەت خەنجىرىنى ئۇينىتىپ ئاتلاپ داۋان ،
ئاتتى تاڭ ، كەتتى جاھالەت ، بولدى دىللار شادىمان ،
باركاللا ، خەلقىمىزنىڭ پەھلىۋانى جەڭچىلەر .

يايرىغاندا بارچە مىللەت بىھېساب شادلىق ئارا ،
چارلىدىڭلار كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماي تاغۇ دالا ،
قۇترىسا ياۋلار ئەگەر قىلماق بولۇپ دىلنى يارا ،
چىقىرىپ رەسۋاسىنى بېرىپ كەلدىڭلار جازا ،
بار سىلەر مەڭگۈ ئامان ۋەتەن دىيارى ، جەڭچىلەر .

بولسا ئاپەت يۇرت ئىچىدە شۇ ھامان تەييار تۇرۇپ ،
قۇتقۇزۇپ ئەلنى خەتەردىن چارچىماس تۇلپار بولۇپ ،

جان پىدا قىلغاچ سىلەر خەلقىمدە غەيرەت جۇش ئۇرۇپ ،
يۇرتىنى گۈللەرگە پۈركەپ قايتىدىن چىقتى قۇرۇپ ،
مېھىر - شەپقەتىڭ گويا پۈتمەس بۇلاقى جەڭچىلەر .

بار سىلەردە ئەل - ۋەتەنگە چىن ۋاپادار چوغ يۈرەك ،
دىلدا يالقۇنلاپ يېنىپ تۇرغاچ شېرىن ئارزۇ - تىلەك ،
قىلمىدى كار پوستا تۇرغاندا شىۋىرغان ، جۇت ، دېمەك ،
تالمىدى مىلتىق تۇتۇپ چېنىقىپ قاتقان بىلەك ،
ئۆلگىمىز سەن سېپىمىزنىڭ زەربىدارى جەڭچىلەر .

شان قۇچۇپ ئۆرلەڭلار ئالغا ، توختىماي ئات چاپتۇرۇپ ،
ياشنىتىڭلار ئەلنى شادلىق كەۋسىرىگە قاندۇرۇپ ،
نۇر چېچىڭلار خىسلىتىڭلاردىن چىراغلار ياندۇرۇپ ،
مەدھىيە ئېيتار خەلق ئالقىش - تەشەككۈر ياغدۇرۇپ ،
ئاپىرىن ، ئەلنىڭ يېڭىلمەس قەھرىمانى جەڭچىلەر .

1992 - يىل ، ئاۋغۇست

## ئورمانلارنىڭ مۇراجىتى

( مەجۇنى )

شۇ يۇرت ئەھلى قېشىمىزغا كېلىپ كەتسە ،
تۈۋىمىزگە ئوغۇت ھەم سۇ سېلىپ كەتسە ،
چاناپ - ئوتاپ ، ئوت - چۆپلەرنى ئېلىپ كەتسە ،
قايتىدىن ھۆر ھايات بەخش ئېتىپ كەتسە ،
كۆكلەرنى چەكسىز خۇشال قىلىپ كەتسە .

هەر ئەتىياز كۆچەت تىكىش بايرىمىدا ،
ئايلىنار چۆل قىزغىن ئەمگەك قاينىمىغا ،
تىكىپ بىزنى يۇرتىنىڭ كەڭرى سايلىقىغا ،
ئېرىشكەنتى ئۇلار شەرەپ بايرىقىغا ،
ئەمدى ، تۇتقان - تۇتمىغاننى بىلىپ كەتسە .

ئېيتىڭلارچۇ ، ئىش پۈتەمدۇ تىكىپ قويسا ،
تانا تارتىپ بىر چىرايلىق تىزىپ قويسا ،
كۆتەكلەرنى قۇرغاق يەرگە تىقىپ قويسا ،
ۋەزىپىگە چۆنەكلەرنى يېرىپ قويسا ،
زارىمىزنى ئاڭلاپ مۇخبىر يېزىپ كەتسە .

چارۋا - ئۇلاغ غاجاۋېرىپ تېنىمىزنى ،
ئېتىپ بوزەك ، قاقشاتتى خوپ جېنىمىزنى ،
ئوتۇن قىلدى خەقلەر ئوشتۇپ بېشىمىزنى ،
يامغۇر كەبى ئاققۇزدى قان - يېشىمىزنى ،
بۇنداقلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ كەتسە .

تومۇز كەلسە قىزىپ كەتتى ئاسمان - زېمىن ،
ئەنسىرىدۇق قەۋەت كۆڭۈل تاپماي ئىمىن ،
ئاھ ، سارغايدۇق بولۇپ قاقشال ياغماي يېغىن ،
ۋادەرىخا ! ياشىماقمۇ بولدى قىيىن ،
سۇغارمىدى سۇ بىكارچە ئېقىپ كەتسە .

قىلغان ئەجىر بىكار كەتمەس ئىدى پەقەت ،
بىز ئەمەسمۇ ھاياتلىققا تاجۇ زىننەت ،

هەر بىرىمىز يارىتىمىز خېلى قىممەت ،
ھېچ بولمىسا كۆيچى قۇشلار ئالار لەززەت ،
شاخ - شاخلاردا ھەر خىل مېۋە پىشىپ كەتسە .

*    *

يېتىپ ئەلگە ئورمانلارنىڭ مۇراجىتى ،
ھەرىكەتكە كەلدى ئەلنىڭ جامائىتى ،
باشلىدى سۇ ، دېدى ئورمان : « جان راھىتى ،
يەردە قالماس قىلغان پەرۋىش - شاپائىتى ... »
ئانا تۇپراق رازى نەقىش سىزىپ كەتسە .

1993 - يىل ، ئىيۇل

## تۇرامبەگنىڭ پىلانى

( ھەجۋىي )

تۇرامبەگنىڭ كەيپى ئەمەس جايىدا ،
ئۆزىچىلا قايناپ كېتەر گاھىدا :

« قىلىشمايدۇ باشقىلاردىن قامىتىم ،
ھەي بىلمىدىم ، نېچۈن كەلمەس ئامىتىم .

تۇتۇش قىلاي مەنمۇ تېزدىن ئوقەتكە ،
باي بولسام ئېرىشەرمەن ھۆرمەتكە ... »

شۇنداق قىلىپ ساتماق بولدى چەرچىن مال ،
دېدى يەنە : « خەق ئالمىسا نە ئامال ... »

لەگېپۇگچىلىق قىلىشنىمۇ ئويلىدى
( ياراتمىدى بولغاي ، كۆڭلى قويمىدى ) .

بورداتچىلىق قىلماق بولدى يەك تۇرۇپ ،
يالتايدى تېز بۇ ئىشنىمۇ تەس كۆرۈپ .

گەزمالچىلىق قىلماق بولدى ھەۋەستە ،
دېدى شۇئان : « ئۇمۇ ئوڭاي ئەمەس - تە !

چىقماي قالسا ئاخىرىدا دەسمايەم ،
ئايلانىمامدۇ يەل - كۆپۈككە بۇ غايەم .

قىلىپ قويسام قاراملىقنى ئالدىراپ ،
تۇگۇشۇپلا كەتمەمدىمەن ھالسىراپ ... »

كەچۈردى ئۇ بېشىدىن كۆپ خىيالنى ،
ئىزدەپ باقتى نۇرغۇن چارە - ئامالنى .

قوي باقمايلا پاقلان يېمەك بولدى ئۇ ،
تەر ئاققۇزماي ئاق نان يېمەك بولدى ئۇ .

ئۇنداق ئامەت نېسىپ بولماي ئۇنىڭغا ،
بويۇن قىسىپ تۇرۇپ قالدى بۇلۇڭدا .

پىلانلىرى قېلىۋەردى شۇ پېتى ،
بولمىغاچقا بىرەر ئىشقا جۈرئىتى .

*　　*

تۇرامبەگدەك پىلانچىلار ئاز ئەمەس ،
باققانلىرى توخۇ ، ئۆردەك ، غاز ئەمەس .

ئەگەر كىمكى قاچسا كۆرۈپ جاپانى ،
تاپالمايدۇ ئاخىر بىر ۋاق غىزانى .

1993 - يىل ، ئۆكتەبىر

## قەمبەرخانىمغا مەرسىيە

قەمبەرخانىم دېسە ئەلدە زور نامىڭ بار ،
ئۇنتۇلغۇسىز قۇچقان شەرەپ ھەم شانىڭ بار .

قەلبىمىزنىڭ ئاسمىنىدا مەڭگۈ ئۆچمەس
تولۇن ئايدەك چاقناپ تۇرغان ئوبرازىڭ بار .

بارلىقىنى سەنئەت ئۈچۈن بېغىشلىغان ،
دېگەن خەتلەر پارلاپ تۇرغان مۇنارىڭ بار .

ئۇسسۇلۇڭنى قانچە كۆرسە قانمايدىغان ،
مەپتۇنكارىڭ ئىشچى ، ئەسكەر ، دېھقانىڭ بار .

بوران - چاپقۇن سېنى نابۇت قىلالمىغان
( قۇتقازغۇچى كومپارتىيە غەمخانىڭ بار ) .

سەن ياشىدىڭ ئۆمۈر بويى دىيانەتلىك ،
تەرىپلەشكە لايىق خىسلەت ـ ئەخلاقىڭ بار .

غۇنچىلارغا جان كۆيدۈرۈپ قىلدىڭ پەرۋىش ،
ئىز بېسىشقا مىڭلاپ قىزۇ ئوغلانىڭ بار .

گۈللەر تىزىپ مەقبەرەڭگە قويۇپ ھەر كۈن ،
يوقلايدىغان چىن دوستلىرىڭ مېھمانىڭ بار .

ياغدى كۆكتىن مەرسىيىلەر ئاق چېچەكتەك ،
شائىرلارغا بەرگەن يۈتمەس ئىلھامىڭ بار .

ئەلۋىدا ! ئەي ماھىر ئۇستاز چولپانىمىز ،
سەن كەتسەڭمۇ سەھنىلەردە پەرۋازىڭ بار .

1994 ـ يىل ، يانۋار

## يۈرتداشلارنىڭ شەپقىتى

بار ئىدى بىر تەنها بوۋاي ،
بوستان كەنتىدە .
ياشايتتى ئۇ ۋاپا ئەيلەپ
قىلغان ئەھدىگە .
يىللار ئۆتۈپ ياشانغاچ ئۇ
قالدى كۈچىدىن ،
ئايرىلدى ھەم قەدىناس ،

قىزى ـ ئوغلىدىن .
چىن مەدەتكار بولدى ئاڭا
قولۇم ـ قوشنىلار .
كېلىپ كەچتە خەۋەر ئالدى
ئۆسمۈر غۇنچىلار .
تاماق ئېتىپ بەردى گۈلسۈم
توشۇپ سۈيىنى .
غەيرەت بىلەن تۇرسۇن ئوڭشاپ ـ
بەردى ئۆيىنى ،
سارغايمىدى بوۋاي ھەرگىز
تەگلىكتىن ـ غەمدىن .
شۇڭا خالى بولدى ئۇنىڭ
كۆزلىرى نەمدىن ...

*

يېتىپ قالدى بوۋاي بىر كۈن ،
تۇيۇقسىز ئىگراپ .
ئىشىك ئالدىغا بولدى پەيدا
بىر ئېسىل پىكاپ .
ئېلىپ ماڭدى بالنىست تامان
يېزا باشلىقى .
يەتتى تولۇق يۇرتداشلارنىڭ
قېرىنداشلىقى ...
يىغىش قىلىپ بەش مىڭ سومنى
ئەھلى جامائەت ،

نۇر بوۋاينى داۋالاشقا
بەردى كاپالەت .
دېدى بوۋاي : « يۈز مىڭ رەھمەت
يېگى دەۋرانغا ،
ئاتا قىلدى بەختىيارلىق
مەندەك ئىنسانغا .

1994 - يىل ، مارت

## يۈلغۈنغا مەدھىيە

ئەي يۈلغۈن ، چېچىكىڭ قىسسام چېكەمگە ،
خىجىلدۇر ھۆسنىدىن باغدىكى گۈللەر .
ئېچىلساڭ دالىدا ئۆزگىچە رەڭدە ،
قىزىرىپ ئوتقاشتەك نۇرلىنار چۆللەر .

گىياھسەن چىداملىق كۆركەم بىباھا ،
ئۆسىسەن باراقسان تاللىماستىن جاي .
شېھتلەر قىنىدەك تۇرغاچ يالتىراپ ،
ئاشىقتۇر چېھرىڭگە قۇياش بىلەن ئاي .

بورانلار قۇترىشىپ قىلسىمۇ ھەيۋە ،
تۇرىسەن تەۋرىمەي چۆللەردە مەغرۇر .
جۇلالاپ قايتىدىن چاقنىتىسەن كۆز ،
سۆيگەندە لېۋىڭگە شىپالىق يامغۇر .

تومۇزنىڭ ئىسسىقى قىلالمايدۇ كار ،
يىلتىزىڭ سۇ ئىچكەچ يەرنىڭ تەكتىدىن .
ياشنايسەن تىز پۈكمەس ئەۋلاد قالدۇرۇپ ،
ئېرىشىپ ئۇزۇققا تۇپراق قېتىدىن .

ھېچقانداق ھەق - ئەجىر قىلماستىن تەلەپ ،
ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش ئېسىل خىسلىتىڭ .
پەزىلەت نۇرلىرى چاقنىغاچ سەندە ،
يۈكسەكتۇر دىللاردا قەدىر - قىممىتىڭ .

1994 - يىل ، ئاپرېل

## كاتتا توي

مەھەللىمىزدە زەپ « كۆكۆللۈك » بولدى شۇنداق كاتتا توي ،
پۇلغا زورلاپ قىز - يىگىتنى قىلدى قوشماق ، كاتتا توي ،
بولدى رازى بارچە مېھمان چالدى دۇمباق كاتتا توي ،
داۋرىڭى كۆك قەھرىدە بوپ چاقتى چاقماق ، كاتتا توي ،
قىلدى ئەركە قىزنى ، ئاھ ، تۇل ! تويغۇزۇپ جاق كاتتا توي .

ئەۋۋەلدە ئاپپەرىننىڭ تويلۇقىدىن سۆز ئاچاي ،
ئانىسى دەيدۇ : «ئېسىل قوشلاپ كىيىم - پەلتۇ سالاي ،
ئالتۇن ھالقا ،جۈپ بىلەزۈك ، زەنجىرى جىلىڭ چاقنىغاي ،
قالمىسۇن ھەم قويمىغان رەخت نەۋرە - چەۋرە ، ھەم موماي » ،
قىلمىدى ئىنساپ ، قىزنى بولدى ساتماق ، كاتتا توي .

باستى غەم تاغدەك يىگىتنىڭ ئاتىسى دىلدارىنى،
ئانىسى كەتتى ماداردىن ھېچ تاپالماي چارىنى،
خەجلىدى تويلۇق ئۇچۇن يىغقان بىساتى - بارىنى،
ئالدى پۇل قەرز يالۋۇرۇپ، ئىزدەپ يېقىن دوست - يارىنى،
مۇشكۇلات ئىسكەنجىسىدە بولدى سىقماق، كاتتا توي.

قىزىدى تويمۇ كارامەت، بولدى ھويلا بىر بازار،
قىز - ئوغۇل قولداشلىرى ئالدىراش ھەر يان چاپار،
ئوخشىدى قورداق، پولۇ ھەر تال گۈرۈچتىن ياغ تامار،
ئاشقىنىنى زەللىخورلار كۆتۈرۈپ ئۆيگە ماڭار،
ئىككى جۈپ قوچقارغا ياندى سويدى توپاق، كاتتا توي.

يۆتكىدى قىزچاقنى كەچتە بولكىۋاي، جىپ، «سانتانا»،
قىلدى مېھمانلارغا ئازلىق ئاپتوبۇس، مەپە يانا،
لەرزىگە سالدى شەھەرنى تەنتەنە، نەغمە - ناۋا،
بەزىلەر ھەر كوچىدا باغلاپ خادا سالدى جاپا،
داڭ چىقاردى «ئاللا، ئاللا...» سازى ياڭراق، كاتتا يوي.

توي تۈگەپ شادلىق داۋام قىلدى ئارانلا ئىككى ئاي،
قەرزنى سۈيلەپ كەلدى خەقلەر، بولدى «مەرد»نىڭ ھالى ۋاي،
قىلدى ئۇ يۈزمىڭ پۇشايمان ئۆتمىدى گالدىنمۇ چاي،
سېتىلىپ كەتتى ئامالسىز ياسىداق ئايۋان - ساراي،
كەتتى قىز تاشلاپ يىگىتنى قىلدى ئاخماق، كاتتا توي.

ئاھ ئۇرۇپ ئۇ دەرد ئىچىدە مۇردىدەك كەتتى سېزىپ ،
ئىچتى ئۇ ئەجەل شارابى ① غەزىپى قايناپ - تېشىپ ،
سالدى ھازا قان - قېرىنداشلار شۇدەم دىلنى ئېزىپ ،
ئالغۇلۇق ئىبرەت ، جىمى ئىش كەتمىگەي چەكتىن ئېشىپ ،
قىلمىسۇن ھەركىم مۇشۇنداق جانغا سىرتماق ، كاتتا توي .

1994 - يىل ماي ، يەكەن



① ئەجەل شارابى —« د . د . ۋ » دورىسى .

# جانان ئشقدا ياڭرىغان كۈيلەر

## خوشلاشقاندا

خوشلاشقاندا جەڭچى يارىم سەن بىلەن ،
بىللە كەتتى يۈرىكىمنىڭ پارىسى .
ئۆتتى كۈنلەر يوللىرىڭغا تەلمۈرۈپ ،
بولغاچقا سەن كۆزلىرىمنىڭ قارىسى .

تاڭ ساباسى يەتكۈزگەندە سالامىڭ ،
شىپا تاپتى يۈرىكىمنىڭ يارىسى .
چاقنىغاندەك بولدى شۇدەم ئۇبرازىڭ ،
كەتتى سايراپ دىلىمنىڭ زىل تارىسى .

سەمەندەردەك بولسا يۈكسەك ئىرادە .
توزىمايدۇ سۆيگۈنىڭ گۈل - لالىسى .
دىل رىشتىمىز كېتەر مەڭگۈ چىرمىشىپ ،
بولسىمۇ گەر يىراق ، يوللار ئارىسى .

## سۆيگۈ ئىزھارى

گۈللەر تۇتۇپ قەلبىم بىغىدىن ،
قىلدىم ساڭا مۇھەببەت ئىزھار .
ساڭا بولغان ئوتلۇق مېھرىمنى ،
گۈل دەستەمدىن چۈشەنگىن نىگار .
تەلپۈنىمەن پەرۋانىلاردەك ،

جامالىڭغا بولۇپ ئىنتىزار .
سېنى ئەسلەپ يۈرىيمەن تەنها ،
بولۇپ تۈنلەر ئۇيقۇدىن بىدار .

ئەجرىمىزدىن ئېچىلغان گۈللەر ،
سۆيگۈمىزنىڭ بولسۇن گۇۋاھى .
شۇ تۇزىماس گۈللەر بەرگىدە
جىلۋە ئەيلەر گۈزەللىك شاھى .

## قاندىم نىگار ۋەسلىگە

قۇچتى زەپەرلەر جەڭ ئارا ،
چاقنار مېدالى كۆكسىدە .
سۆيدۈم لىۋىگە نەچچە رەت ،
بولغاچقا سادىق ئەھدىگە .

تەشنا يۈرەكلەر ئاخىرى ،
قاندى نىگارنىڭ مېھرىگە .
قىلدى جامالى مەھلىيا ،
پارلاپ خۇشاللىق چېھرىدە .

ئەمەس ئويۇن سۆيگۈ دىگەن ،
يەتسە ئەگەر كىم قەدرىگە .
بولغاي نىسىپ تاپماق ۋىسال ،
بەرسە چىداشلىق جەۋرىگە .

1994 - يىل ، ئىيۇل

## يېڭى يىلغا

(رەھمەتۇللا جارىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

يېڭى يىل ، كەل بېرىپ سىگنال خەلق سەپراس قاتار بولسۇن ،
تۇرۇپ يەڭ ئىشلىسۇن ھارماي ئانا يۇرت لالىزار بولسۇن ،
كۈرەشچانلارغا ھەر سەپتە ھېسابسىز غەلىبە يار بولسۇن ،
يېڭى يىل قەدىمىڭ قۇتلۇق ، مۇساپەڭ ئۇلۇغۋار بولسۇن ،
ساڭا ئېيتار تىلەكلەر كۆپ ھەرئان يادىڭدا بار بولسۇن .

يېشىمىزغا قوشۇپ بىر ياش كۆڭۈلنى شادىمان قىلغىن ،
قىزىتتۇق بەزمە ھەر ياندا سېنى قارشى ئېلىپ قىزغىن ،
بېغىڭدىن بىزگە مېھرىڭنى قوشۇپ گۈل دەستىلەر تىزغىن ،
كۈتەرمىز خانىمىزغا سەن يېڭى سوۋغات بىلەن كىرگىن ،
قەدەھلەر مەي بىلەن تولسۇن جاراڭلاپ دۇر ـ نىسار بولسۇن .

جاپادىن قورقمىغانلارنىڭ ئىشى ھەر جايدا ئوڭ كەلگەي ،
ئەجىر بىرلە تېپىپ نۇسرەت چىناردەك ياشنىغاي ، كۈلگەي ،
دېگەي ھەركىم بولۇپ لاچىن گۈزەل مەنزىل تامان ئۆرلەي ،
تىلەيمىز بىر ـ بىرىمىزگە يېڭى ئامەت ، زەپەر ، تەلەي ،
تىلەيمىز ھەر دەقىقە ئىزگۈ ئىشلار ئاشكار بولسۇن .

نادانلىق ھەمدە قۇللۇقتىن خالى بولسۇن بۇ گۈزەل دۇنيا ،
زوراۋانلىق ھەمدە خورلۇقتىن خالى بولسۇن بۇ گۈزەل دۇنيا ،
جىنايەت ھەمدە شۇملۇقتىن خالى بولسۇن بۇ گۈزەل دۇنيا ،

تىلەيمىز ئىس - تۈتەكلەردىن خالى بولسۇن بۇ گۈزەل دۇنيا ،
جاھان غەم - غۇسسىسى كەتسۇن ، كۆكلەر بىغۇبار بولسۇن .

جىمى رەھبەر دىيانەتلىك ياشاپ دادىل قەدەم باسسۇن ،
چۇشۇرمەي شەنىگە ھېچ داغ ئىشەنچ ، ھۆرمەت شەرەپ تاپسۇن ،
مۇنارنى غۇلتار چاشقان بۇنىڭدىن زور ساۋاق ئالسۇن ،
چىرىكلىك بىر يامان ئىللەت جاھاندىن تېز ئېرىغدالسۇن ،
يورۇقلۇق چاقنىسۇن دائىم جاھالەت تارمار بولسۇن .

ئۇيۇشساق بىز ئۇيۇلتاشتەك كېلەرمىز جەك ئارا غالىب ،
نىيەت بىر بولسا زور يۈكنى ماگارمىز يەلكىگە ئارتىپ ،
چېگى چىقمايدۇ بىر ئاتنىڭ تىنىمسىز يۇرسىمۇ چاپچىپ ،
ئىناقلىق شۇ قەدەر ئەۋزەل قەدىرلەش ھەممىگە ۋاجىپ ،
ھاياتلىق تېز راۋاج تاپسۇن، ئاسايىش بەر قارار بولسۇن .

ئاسرىسۇن جۇت - بورانلاردىن گۈلىستانلارنى پەرھادلار ،
ئىلىم - پەن ئىشقىدا كۆيسۇن پەرىشتىدەك ئېسىل زاتلار ،
سېخىيلىق نۇرىنى چاچسۇن بىپىغان قەددى شەمشادلار ،
تىلەيمىز شادىمان ئۆسسۇن ۋەتەن قويندا ئەۋلادلار ،
ئېرىشسۇن پارلاق ئىقبالغا گۆدەكلەر بەختىيار بولسۇن !

1995 - يىل

## پۇل ئامانەت قويىسڭىز...

گۈللىنەر دۆلەت كارامەت پۇل ئامانەت قويىسڭىز ،
تېز راۋاج تاپقاي سانائەت پۇل ئامانەت قويىسڭىز ،

كەڭ قۇچاق ئاچقاي سائادەت پۇل ئامانەت قويسىڭىز،
نەپ ئالار ئەھلى جامائەت پۇل ئامانەت قويسىڭىز ،
تاپىسىز ھۆرمەت - ئىناۋەت پۇل ئامانەت قويسىڭىز .

بىخەتەر ئىشكاپ ئىچىدە ساقلىنار پۇل تىنچ - ئامان ،
ئالىسىز ھەم خالىغاندا رەسمىيەتمۇ بەك ئاسان ،
پۇلىڭىزغا ئەمدى چاشقانلار سالالمايدۇ زىيان ،
ساقلىنىپ سانىسىز خەتەردىن رەڭگىڭىز بولماس سامان ،
سىزنى باسماس ھېچ پالاكەت پۇل ئامانەت قويسىڭىز .

ئىقتىسادچىل بولسىڭىز بولغاي ئۈنۈملۈك ئىشىڭىز ،
يېتىپ ھاللىق سەۋىيىگە كۆككە يەتكەي بېشىڭىز ،
ئۆتىدۇ يايراپ ، كۆلۈپ شادلىق ئىچىدە كۈنىڭىز ،
تۈگىمەيدۇ تاغاردا ئۇن ھەم قوتاندا مېلىڭىز ،
سىزگە يار ھەر جايدا ئامەت پۇل ئامانەت قويسىڭىز .

پۇل بىلەن پۇل كەلتۈرۈپ كەچلىك بازاردا مال سېتىڭ ،
ياكى بىر ئاشخانا راسلاپ لەغمەن پولۇ ، مانتا ئېتىڭ ،
ئىختىيار سىزدە بېلىق ، توخو ، قوي ھەم كەپتەر بېقىڭ ،
قوللىنىپ چارە - ئامال تېز باي بولۇشقا يول تېپىڭ .
تېز روناق تاپقاي تىجارەت پۇل ئامانەت قويسىڭىز .

كۆپىيەر بانكىدا قويغان پۇلىڭىز يىللار ئۆتۈپ ،
ئالسىڭىز ھەم خالىغاندا ھېچ كىشى قالماس توسۇپ ،
كۆڭلىڭىز تاغدەك ئۆسەر چەكتىكى پۇلنى كۆرۈپ ،
چىن بەختىنىڭ پەيزىنى سۈرۈڭسىز بەزمە قۇرۇپ ،
كۆرۈسىز راھەت - پاراغەت پۇل ئامانەت قويسىڭىز .

چوڭ بولۇپ بارسا ئوقۇشقا جان - جىگەر پەرزەنتىڭىز ،
راست ئۆتۈلگەندە ئاڭا سىزنىڭ شاپائەت قەدرىڭىز ،
قىلسىڭىز پەرۋىش چېچەكلەر ئاڭا قىلغان ئەجرىڭىز ،
قىسقىسى ، پۇل بولسىلا بولغاي ئادا ھەم پەرزىڭىز ،
تارتمىغايسىز ھېچ خىجالەت پۇل ئامانەت قويسىڭىز .

1995 - يىل ، فېۋرال

## چېكەرمەنگە

غەزىپىم تاشتى ساڭا خۇددى بىر ۋولقان بولۇپ ،
ئىگرىغاچ سەن ئاق چېكىپ ، ۋەسلىڭ قۇرۇپ نىمجان بولۇپ ،
يۈرسە يىغلاپ شۇ ئاناڭ باغرى لەختە قان بولۇپ ،
ئىس - تۈتەكتە ئۆرتىنىپ كەتكەچ ئىچىڭ خۇمدان بولۇپ ،
يەڭ تۈرۈپ ئاچتىم ساڭا ئوت نەپرىتىم فونتان بولۇپ .

سەن پەزىلەتلىك خەلقنىڭ ۋارىسى ، نەسلى تۇرۇپ ،
ئەل - ۋەتەننىڭ بىزگە سىڭگەن بىھېساب ئەجرى تۇرۇپ ،
ھەممىمىزنىڭ يۇرتىمىزنى گۈللىتىش ئەھدى تۇرۇپ ،
يېڭى تۆھپە يارىتىشنىڭ بىر ئېسىل پەيتى تۇرۇپ ،
چەتتە قالدىڭ سەن نېمىشقا بىكېرەك ئىنسان بولۇپ.

قۇل بولۇپ ئىپلاس چېكىملىككە مانا بولدۇڭ سارالڭ ،
سېنى دەپ بارچە بىساتتىن ئايرىلىپ قالدى داداڭ ،
سارغىيىپ سولدى چىرايلىق غۇنچىدەك سەبىي بالاڭ ،
بولدى كاللاڭمۇ مىسالى مېڭىسىز قاقشال باراڭ ،
ئۆتكۈزەمسەن كۈننى شۇنداق ، كوچىدا ۋەيران بولۇپ .

تاشلىنىپ قالدى ، ئىسست ، ئىش ئورۇن - خىزمەتلىرىڭ ،
يۈرىكىڭ قانداق چىدايدۇ يۈرسە ئاچ پەرزەنتلىرىڭ ،
ئاز ئەمەس بۇ يولدا ، ھەي ... تارتقان زىيان - زەخمەتلىرىڭ ،
بىر كۈنى نابۇت قىلار شۇ رەزىل - ئىللەتلىرىڭ ،
يۈرۈۋەرمە ئەمدى ھەرگىز ۋەدىلەر يالغان بولۇپ .

تاشلىغىن ئەسكى خۇيۇڭنى چەككىنىڭمۇ بەس ، يېتەر ،
ۋاقتىدا يانساڭ شۇ يولدىن قان - قېرىنداش سۆيۈنەر ،
بولسا ئۈلپەت ئاڭا كىمكى ئاخىرىدا باش كېتەر ،
قايتمىساڭ ئارقاڭغا تېزدىن بولغۇسى ھالىڭ خەتەر ،
سەنمۇ ئاتلانغىن سەپەرگە ، ئوت يۈرەك مەردان بولۇپ .

1995 - يىل ، فېۋرال

## نورۇز ئىلھامى

كۆكتە قۇياش زەپ جۇلالىق چاقنىدى نورۇز كېلىپ ،
تەپتىدىن بارچە ھاياتلىق ياشنىدى نورۇز كېلىپ .

تاغ - ئېدىر ، باغلار ياساندى ياپيېشىل تونىنى كىيىپ ،
جور بولۇپ كاككۇكقا بۇلبۇل سايرىدى نورۇز كېلىپ .

دىلنى مەست ئەيلەپ ئېپاردەك گۈل - چېچەكنىڭ ھىدلىرى ،
تاڭ ساباسى بىرلە ھەريان تارقىدى نورۇز كېلىپ .

لىق تولۇپ دەريا - ئېرىققا ئاقتى سۇلار شارقىراپ ،
چاچرىتىپ قىرغاققا ئۈنچە يامرىدى نورۇز كېلىپ .

بىپايان يايلاقتا توپتەك سەمرىشىپ مال - چارۋىلار،
يىلسىرى ئاشقاچ قوتانغا پاتمىدى نورۇز كېلىپ.

دۆۋىلەپ ئوغۇت بېسىلغان قول تراكتور، هارۋىلار،
خۇددى كارۋاندەك ئېتىزغا قاتنىدى نورۇز كېلىپ.

زەپ كۆكۆللۈك ئۆتكۈزۈلدى يۇرتتا نورۇز بەزمىسى،
ئانىلار ئايەمگە خاس ئاش راسلىدى نورۇز كېلىپ.

بەيگىگە چۈشتى يىگىتلەر چاپتۇرۇپ تۇلپارىنى،
مەردلىگىن ئەيلەپ نامايان هارمىدى نورۇز كېلىپ.

قىز - يىگىتلەر ئۇچۇشۇپ پەرۋاز قىلار سارغايدىدا،
چىن ۋىسال تاپقان يۈرەكلەر يايرىدى نورۇز كېلىپ.

چۈشتى ئۇسسۇلغا يىگىت، چوكان - جۇۋانلار پىرقىراپ،
ناغرا، داپ، تەمبۇر، سۇنايلار ياڭرىدى نورۇز كېلىپ.

خاسىيەتلىك كۈندە دوستلار شادىيانە جەم بولۇپ،
زوق بىلەن ياڭراق مۇقاملار ئاڭلىدى نورۇز كېلىپ

بەردى شائىرلارغا ئىلهام بۇ گۈزەل قايناق هايات،
يېزىشىپ ئەشئار بۇلاقتا تاشلىدى نورۇز كېلىپ.

جانلىنىپ تاپقاچقا نۇسرەت ئەنئەنە بايرام بۈگۈن،
دەۋرگە رەھمەت پەلەكتىن هالقىدى نورۇز كېلىپ.

1995 يىل، مارت

## ئاشلىق ھەققىدە مۇخەممەس

پۇتۇن ئىقلىمدىكى جانلىق ، ئادەمزاتنىڭ جېنى ئاشلىق ،
ھاياتلىق بەخش ئېتىپ تۇرغان ئۇزۇلمەس پاك قېنى ئاشلىق ،
بوۋاقلارنىڭ ۋاپادارى ئانىلارنىڭ سۇتى ئاشلىق ،
زىياپەت ، توي ، ئايەملەرنىڭ شېرىن ناز - نېمىتى ئاشلىق ،
ساراي - ئۆي ھەم قەسىرلەرنىڭ بىساتى - بەرىكىتى ئاشلىق .

كۆيەر ئەمگەكچىلەر ھەر كۈن بىغىشلاپ بارىنى دانغا ،
قىلار ئىش ئايىماي جانىنى زېــمـــىـــنــى ئوخشىتىپ كانغا ،
ئېتىزنى ئايلىنار قۇش - ياز ھالال تەر ئاققۇزۇپ تاڭدا ،
بېشى كۆككە يېتەر ھوسۇل سىغىشماي قالسا گەر ساڭغا ،
پىشار يۈز مىڭ جاپا بىرلە دېھقانىنىڭ قان - تېرى ئاشلىق .

پەۋەس ئاش بولسا ئامباردا كۆڭۈل شادلىقتا يايرايدۇ ،
شەھەر ، سەھرا ئارا مــېــھــنـەت كۈيى كۆكتە جاراڭلايدۇ ،
قورساق توق بولسا مەردانلار كۈرەشتە قىلچە ھارمايدۇ ،
باياشات بولسا گەر دۆلەت چىنارەدەك مەڭگۈ ياشنايدۇ ،
ھېسابسىز غەلىبىــنــىــڭ تــاغــدەك كۈچى ھەم قۇدرىتى ئاشلىق .

ئۇنى گەر يېمىسە ئۈچ كۈن جېنىدىن ئايرىلار ئادەم ،
بولۇپ قالسا قەھەتــچــىــلــىــك زېمىننى قاپلىغاي ماتەم ،
ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدۇ ئۇلۇغ شاھ ، ئەۋلىيا ، ھاتەم ،
ئۇنىڭسىز بولغۇسى ۋەيران بېھىشتەك بۇ گۈزەل ئالەم ،
جىمى شەيئىگە جان بەرگەن ھاياتلىق كەۋسىرى ئاشلىق .

جۇلالاپ چاقنىغان ئالتۇن پەقەت زىننەتكىلا خاستۇر ،
« گۆھەر ، ياقۇت ئىكەن بىر تاش » دېگەن تەمسىلمۇ ھەق راستۇر ،
تېرىق - ئارپا كۆرۈمسىزدەك يولۇڭدا تۇرسىمۇ ئاشتۇر ،
ئۇنى يەپ روھى جۇش ئۇرغان كىشىنىڭ كۆڭلى بەك شاشتۇر ،
شۇڭا دەيمىز ئەزەلدىنلا گۆھەرنىڭ گۆھىرى ئاشلىق .

گۇناھكار بولغۇسى ھەر كىم ئەگەر ئاشنى بۇزۇپ چاچسا ،
بەسىر بولغاي كۆزى ئاشنى كۆرۈپمۇ چەيلىبان ماڭسا ،
ۋە ياكى ئىككى نان تاپسا كۆرەڭلەپ بىرىدە داپ چالسا ،
بولۇر ھەقلىق ئاشۇنداقلاركى ئاشلىق دەردىنى تارتسا ،
ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى ھەم يېمەكلىك جەۋھىرى ئاشلىق .

كۆزۈڭگە سۇرتۇپ ئاشنى تاۋاپ قىل ئەھلى ئىنسانلار ،
ئۇنىڭچۈن بار ۋۇجۇدۇڭنى كاۋاپ قىل ئەھلى ئىنسانلار ،
« قەدىرلە ئاشنى دوستلار » دەپ خىتاپ قىل ئەھلى ئىنسانلار ،
شۇڭا ئاشلىق تېجەشنى ھەم ساۋاب بىل ئەھلى ئىنسانلار ،
چۈشەنسەڭ چىن ، سائادەتنىڭ پولاتتەك تۈۋرۈكى ئاشلىق .

1995 - يىل ، مارت

## سەبىيلەر ساداسى

### چېپىلغاقلىق خاتالىق

پەنگە ھەۋەس قوزغالدى ،
كىرىپ مەكتەپ قوينىغا .
بىلىش ئۈچۈن ئىنتىلدۇق ،
بىكار يۈرۈش ئورنىغا .

ئۆيىمىزگە كىرىپلا ،
تېلېۋىزورنى سىلايمىز .
« ئادەم نەدىن چىقتى » دەپ ،
تۆشۈكىدىن مارايمىز .

جەم بولىمىز بەزىدە ،
رادىئونىڭ قېشىغا .
« گەپ قەيەردىن چىقىۋاتىدۇ ؟ »
دەپ قارايمىز تېشىغا .

بىر تەرەپتىن گاز ئوچاق
بىزنى ھەيران قىلىدۇ :
« ئوتۇن - كۆمۈر سېلىنماي ،
ئوت قەيەردىن چىقىدۇ ؟»

دەيدۇ كايىپ دادىمىز :
« بولماڭلار ھەي چىپىلغاق .
كىچىك تۇرۇپ چوڭ ئىشقا ،
خەتەرلىكتۇر ئىسلماق .

خام خىيالنى ئاز قىلىپ ،
دەرسىڭلارنى ئوقۇڭلار .
توك دېگەن بىر ئەزرائىل ،
ئۇنىڭدىن بەك قورقۇڭلار ...»

دەيمىز : « چوڭلار نېمىشقا .
بىزنى بەك دۆت، چاغلايدۇ .
نادانلىقنىڭ زەنجىرى
بىلەن بىزنى باغلايدۇ .

بىلمىگەننى بىلمەمدۇق ،
ئەنە شۇنداق چىپىلىپ .
مېڭىمىزنى ئىشلەتسەك ،
قالار سىرلار يېشىلىپ .

ئويلاپ بېقىڭ ئاتىلار ،
〈چىپىلغاق 〉لىق خاتامۇ ؟
قورقۇپ يۈرسەك بىر چەتتە ،
ئارزۇ ۋىسال تاپارمۇ ؟»

مەھەللىمىزنىڭ باللىرى
بەكمۇ ئىناق ئۆتىمىز .
دەرستىن قايتىپ كەلگەندە ،
خۇشال ئويناپ كۈلىمىز .

بىراق بەزى ئانىلار
بۇنى كۆرۈپ كايىيدۇ .
كىملەر ياخشى ، كىم يامان ،
بىر قاراپلا ئايرىيدۇ .

دەيدۇ : « ئۇنىڭ ئانىسى
ماڭا ئۆچلۈك قىلىدۇ .
ئەيىبىمنى كوچىلاپ ،
يارامغا تۇز سېپىدۇ ...

ئۇ بالىنىڭ دادىسى
داداڭ بىلەن ئۇرۇشقان ؛
شۇ سەۋەبتىن مېنىمۇ
بولۇشىغا تىللىغان ؛

دۈشمىنىمنىڭ باللىرى
سېنىڭ ئامراق دوستۇڭمۇ ؟
بىزنى پايلاپ يۈرگەننىڭ ،
كىملىكىنى ئۇقتۇڭمۇ ؟ ... »

چوڭلار قالسا ئۇرۇشۇپ ،
بىزمۇ بۇتناپ يۈرەمدۇق
سورۇپ كونا خامانىنى ،
تەتۈر قاراپ ئۆتەمدۇق .

بىز ئۆسمۈرلەر ئەزەلدىن
ئىناقلىقنى خالايمىز .
بولۇپ بىر جۈپ ساۋاقداش ،
گۈلشەن ئارا يايرايمىز .

ھەي مېھرىبان ئانىلار ،
ئاداۋەتنى يۇيۇڭلار .
« سېپىل » سوقماي ئارىغا ،
دوستلاشقىلى قويۇڭلار .

### شەرەپ سەھنىسىدە

تۆھپىكارلار قاتارىدا مەن
ئورۇن ئالدىم سەھنىگە چىقىپ .
چاۋاك ئىچرە پېشقەدەم باشلىق
تەقدىم قىلدى مېدالنى ئېلىپ .

چۇلغىۋالدى چەكسىز ھاياجان ،
شادلىق يېشى ئاقتى تاراملاپ .

ئۇستازىمىز خۇشاللىق بىلەن ،
تەبرىكلىدى مېنى قۇچاقلاپ .

ئىللىق مېھرى گويا سىمابتەك ،
ۋۇجۇدۇمدا ياسىدى قىيان .
ئالدى يۈزۈم لالە رەڭگىنى ،
قىلدىم ئىزھار قەلبىمنى شۇئان .

« مۇنداق شەرەپ ئۇستاز ئالدىدا ،
كېلىدىكەن شاگىرتقا ئارتۇق .
بولار ئىدى شۇ قەدەر ھەقلىق ،
مېدال سىزگە قىلىنسا تارتۇق .

چۈنكى دەسلەپ كۆكلۈم بېغىغا ،
چاچقان ئىدىڭىز ئىرپاندىن ئۇرۇق .
يەتكۈزدىڭىز ۋايىغا ئۇنى ،
شەرەپ بىلەن سۇغىرىپ تولۇق .
بىرىش ئۈچۈن بىر قەترە سۇنى ،
شۇڭغۇدىڭىز دېڭىز تەكتىگە .
سەزمىدىڭىز قىلچە ھارغىنلىق ،
ئۈمىد باغلاپ پارلاق ئەتىگە .

ئەجرىڭىزنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ،
ياراتتىم مەن ئازغىنا تۆھپە .
قىلغانلىرىم تۇرسا كىچىك ئىش ،
ئەرزىمەيمەن ماختاشقا مۇنچە .

ئايرىلسا گەر قاناتتىن شۇڭقار ،
قىلالمايدۇ سامادا جەۋلان .
سىز ئۇچۇرغاچ مېنى ئاسمانغا ،
سىزگە مەنسۇپ ئالقىش ، شەرەپ ـ شان ... »

دېدى ئۇستاز : « كۆككە يەتكەندەك
بولدى بېشىم ئەقىدىڭىزدىن .
پەخىرلەندىم ، پەخىرلىنەر ئەل ،
قۇچقان ئۇتۇق ـ نەتىجىڭىزدىن ... »

1995 ـ يىل ، 5 ـ ئاپرېل

## خەلقنىڭ كادىرى بولساڭ

سۆزۈڭ بولسۇن ئىناۋەتلىك خەلقنىڭ كادىرى بولساڭ ،
دىلىڭ بولسۇن ھارارەتلىك خەلقنىڭ كادىرى بولساڭ ،
سىلىق بول ، سەۋر - تاقەتلىك ، خەلقنىڭ كادىرى بولساڭ ،
ۋەتەنگە بول ساداقەتلىك ، خەلقنىڭ كادىرى بولساڭ ،
ئىشىڭ بولسۇن ئادالەتلىك ، خەلقنىڭ كادىرى بولساڭ .

كېلىپ ئوڭ تەلىيىڭ بەزەن ئەگەر ئۇچساڭمۇ سەن ئەرشتە ،
ئۆزۈڭنى چاغلىما قالتىس خەلقنى قالدى دەپ « پەستە » ،
يىقىلساڭ ئەل نەزەرىدىن شىپا تاپماق چۇشەر تەسكە ،
ساقايتالماس سېنى لوقمان ، تۇگەيسەن ئايلىنىپ خەسكە ،
ۋاپادار بول قىيامەتلىك ، خەلقنىڭ كادىرى بولساڭ .

بۆسۈپ ئۆتمەككە جۇرئەت قىل رىقابەت دەۋرىدۇر ھازىر ،
قولۇڭدا بولسا گەر ئاچقۇچ بولارسەن ھەممىگە قادىر ،
ئېچىپ يول ئالغا ئىلگىرلە يېتەكلەشكە بولۇپ ماھىر ،
جاپالىق ئىشلىسەڭ ، غەلىبە ساڭا مەنسۇپ بولار ئاخىر ،
چىداملىق ھەم شىجائەتلىك خەلقنىڭ كادىرى بولساڭ .

ئەمەل ئۆسكەندە ناياقلاپ يېنىڭدا ئايلىنار شەيتان ،
كۆزۈڭگە تىكىلىپ ماختاپ ، يولۇڭغا قۇرغۇسى قاپقان ،
بېرىلمە ئەيش - ئىشرەتكە سېنىڭدە بولسا گەر ۋىجدان ،

پەخەس بولساڭ رەقىبلەردىن ، قىلالمايدۇ سېنى گۇمران ،
كۆزۈڭ روشەن كامـالـەتـلـىك خەلقىنىڭ كادىرى بولساڭ .

خەلقنى باي قىلىش بولسۇن مۇقەددەس قەسىمىڭ ــ بۇرچۇڭ ،
قۇرۇق سۆز بولسا گەر لەۋزىڭ كېرەكسىز قامىتىڭ ــ تۇرقۇڭ ،
باياشات بولسا يۇرتداشلار خۇشاللىقتا چۆمەر يۇرتۇڭ ،
بولۇپ ئابىدە تىكلەنگەي قەلبلەر تۆرىدە ئورنۇڭ ،
ئەقىللىق ، پەم ـ پاراسەتلىك خەلقىنىڭ كادىرى بولساڭ .

بـېـغىشلاپ بار ۋۇجۇدۇڭـنـى خالاس قىل ئۆزگىنى غەمدىن ،
كۆيۈپ پەرۋانىدەك خالىس ئاۋامنىڭ دەردىگە يەتكىن ،
يۆلەپ ئاجىز ، يېتىملارنى سۇنۇق دىللارنى شاد ئەتكىن ،
بولۇپ چىن غەمگۇزار ، ئۆچمەس پەزىلەت قالدۇرۇپ كەتكىن ،
كۆيۈمچان ھەم شاپائەتلىك خەلقىنىڭ كادىرى بولساڭ .

ھەقىقەتتە تۇرۇپ دادىل بېجىرگىن ئىشنى ھەق ـ لىللا ،
كۆزۈڭنىڭ قىرىنى سالما ھارامدىن كەلسە گەر تىللا ،
جاھاندىن شۇنچە پاك كەتسەڭ سېنىڭدىن سۆيۈنەر دىللار ،
بولۇر ھەم تەرىپىڭ داستان ئېغىزدا نەچچە مىڭ يىللار ،
غۇبارسىز ، ساپ ، دىيانەتلىك خەلقىنىڭ كادىرى بولساڭ .

زەپەرلەر قۇچمىقىڭ جەڭدە قوشۇنىڭ كۈچىگە باغلىق ،
بولۇپ كەتسەڭمۇ رۇستەمدەك ئۇنىڭسىز قۇربىتىڭ چاغلىق ،
ئىناق ـ ئۆملۈكنى ، دوستلۇقنى قەدىرلە ھەر قاچان ئاڭلىق ،
كېلەر ئۇندىن بەخت ـ ئامەت ، مۇقىملىق ، تەنتەنە ـ شادلىق ،
بۇنى بىلگىن لاياقەتلىك خەلقىنىڭ كادىرى بولساڭ .

ئىرادە ، غايىلىك بولغىن سەپەرنىڭ كۆپ داۋانى بار ،
كۆرەشتۇر بۇ ھايات ـ تۇرمۇش ، قەدەمدە ئىمتىھانى بار ،
ئەقىدە باغلىغان ئەلنىڭ ساڭا كۆرمىڭ سوئالى بار ،
بىھۇدە ئۆتمىسۇن ۋاقتىڭ ئۆمۈرنىڭ قىش ـ خازانى بار ،
كۆرەشتە بول جاسارەتلىك ، خەلقىنىڭ كادىرى بولساڭ .

1995 يىل ، ئىيۇل

## زەرەپشان سۆيگۈسى

زىيارەت قىل ، ئەزىز دوستلار ، زەرەپشان چاربىاغىنى ،
ياشار ئۇندا جىمى مىللەت چېلىپ تەمبۇر ، ساتارىنى ،
يىگىتلەر قىزىتار مەشرەپ ، ئوقۇپ ياڭراق مۇقامىنى ،
غەزەلخانلار قاتار كۈيگە گۈزەل دەۋرىم باھارىنى ،
كۆزۈڭگە تۇتىيا ئەيلە ئانا يۇرت لەيلىزارىنى .

زەرەپشان سۇلىرى شەربەت ، شىپا ھەردەم يۇرەكلەرگە ،
تومۇردا مەۋج ئۇرۇپ قاندەك بىغىشلار كۈچ بىلەكلەرگە ،
ئاقار دولقۇنلىنىپ تىنماي ئېرىق ، دەريا ، چۆنەكلەرگە ،
ياقار ياغدەك زىرائەت ، گۈل ، گىلاس ، نەشپۈت ، تېرەكلەرگە ،
ھاياتلىق كەۋسىرى دەپ بىل ئۇنىڭ قەترە شارابىنى .

زەرەپشان ۋادىسى كۆركەم ، قۇچاقى ياپيېشىل بوستان ،
ياراتتى ئۇندا جەننەتنى تۆكۈپ تەر بىھىساب دىھقان ،

سىلىنغان داستىخان كەڭرى ، بولۇپ كەت ئۇندا بىر مېھمان ،
يېسەڭ لەززەت ھۇزۇرىدىن ۋۇجۇدۇڭغا تولار دەرمان ،
بېغىدا بال تېمىپ تۇرغان ئۈرۈك ، ئەنجۈر ، ئانارىنى .

ھەرەيشانى قىزلىرى ئىشچان گويا ھۆسنى تولۇن ئايدۇر ،
قولى گۈل ھەم چىۋەر بولغاچ ھالال ئەجرى بىلەن بايدۇر ،
پاراغەت ئىلكىدە ھەر كۈن ئىچىشى بال ، ناۋات چايدۇر ،
مىنىشى يېپيېڭى موتو بىلەن تۇلپار كەبى تايدۇر ،
زەپەر قۇچقان چەۋەندازلار تاپار ئۇندىن نىگارىنى .

تالاي كارۋان بېسىپ ئۆتكەن يىپەك يولى بازارى بۇ ،
جىمى ئەل ھۆسنىگە ئاشىق گۈزەل ھايات بۇلاقى بۇ ،
ئامانىسا ، قېدىر خاندەك ئۇلۇغلارنىڭ ماكانى بۇ ،
جۇلالاپ چاقنىغان گۆھەر مىراس - مۇقام دىيارى بۇ ،
تاۋاپ ئەيلە كېلىپ ، دوستلار ، بۈيۈك ئالىم مازارىنى .

1995 - يىل ، ئىيۇل

## ئاش ـ ناننىڭ شىكايىتى

( ھەجۋىي )

ئاش ـ نان بىز ، ئىنساننىڭ ھاياتى ـ جېنى ،
ئۇرغۇيدۇ بىز بولغاچ تومۇردا قېنى .

تۇرىمىز شۇڭلاشقا ھەممىدىن ئۈستۈن ،
قىلىمىز پۇقرا ھەم شاھلارنى مەپتۇن .

بولغاندا باياشات ـ توقچىلىق دەۋران ،
ئاچقاندا گۈل ـ چېچەك دىلدىكى ئارمان ؛

كۆتۈردى قويۇندەك ئىسراپچىلىق باش ،
تۆكۈلدى شۇ سەۋەب كۆزىمىزدىن ياش .

بولسا گەر رېستوران ، ئۆيدە زىياپەت ،
كۆرسىتەر ئاشپەزلەر قالتىس ماھارەت .

ياسايدۇ بىزلەرنى قىلىپ بەك تەملىك ،
تىزىدۇ جوزىغا چىرايلىق ـ رەتلىك .

تۇرىمىز مەززىلىك مېھمان ئالدىدا ،
كۈتىمىز يېيىشنى ئىسسىق ۋاقتىدا .

قۇيۇلۇپ قالسا گەر دەسلەپتە هاراق ،
بولىدۇ سورۇندا ئىشىمىز چاتاق .

قويمايدۇ ھېچكىممۇ بىزلەرگە قاراپ ،
مەستلەرگە بەك تاتلىق تۇيۇلار شاراب .

لېگەندە ، تەخسىدە قالىمىز قېتىپ ،
بولىمىز كېرەكسىز تەمىمىز كېتىپ .

تاشلايدۇ سۇپۇرۇپ بىزنى بىر چەتكە ،
ئاھ ، قانداق چىدايمىز خورلۇققا ـ دەردكە ؟ ! ...

بولىدۇ جايىمىز سېسىق تۇڭ ـ ئازگال ،
ياتىمىز زارلىنىپ بولمىغاچ ئامال ...

پولۇ بىز ئاشلارنىڭ شاھى ـ سۇلتانى ،
روھلىنار بىزنى يەپ يۇرتنىڭ مېھمانى .

بولۇر توي ـ نەزىردە ھالىمىز خاراب ،
ئەتمەيدۇ ئاشپەزلەر ئادەمگە قاراپ .

ئاسىدۇ ئوچاققا كاتتا قازاننى ،
سويىدۇ قوتاز ھەم كالا ـ پاقلاننى .

پىشىمىز ھايالسىز يېتىپ ۋايىغا ،
بارىمىز تەخىرسىز كۆتكەن جايىغا .

ئۇسسۇيدۇ ئاشپەزلەر لېگەنگە لىقلاپ ،
يېمىسە ساھىبخان كېتىدۇ زورلاپ .

بىر كاپام ئېلىپلا تاشلايدۇ بىزنى ،
نېمىشقا قەدىر سىز چاغلايدۇ بىزنى ؟...

ئاشقانىنى بېرىدۇ توخۇغا - قويغا ،
تەڭلەپمۇ باقىدۇ ئۆچكىگە ، ئۇيغا .

يېمەيدۇ ھايۋانمۇ كەتكەچ بىز ئېچىپ ،
يىغلايمىز زار - زار ئاسمانغا بېقىپ ...

سورۇننىڭ گۈلتاجى گىردە ، ئاق نان بىز ،
قاتلىما ، سامسا ھەم بولكا ، شىرمان بىز .

ياقىدۇ ناۋايلار بىزنى پىشۇرۇپ ،
ساتىدۇ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ .

كېرەك بىز ھەر كىمگە ئېيتار ، ناشتىدا ،
تارتمايدۇ كۆڭۈللەر بىزدىن باشقىغا .

قالسا گەر ئىنسانلار بىزدىن ئايرىلىپ ،
ئاچلىقتىن باشلىرى كېتەر ئايلىنىپ .

ۋە لېكىن بەزىلەر قاتتىق ئىكەن ، دەپ ،
كۆكىرىپ قالغاندەك ئاچچىق ئىكەن ، دەپ ؛

ئاتىدۇ بىزلەرنى بۇلۇڭغا، يولغا،
يالۋۇرۇپ باقساقمۇ ئالمايدۇ قولغا.

دەسسەيدۇ بەزىلەر ئىلماي كۆزىگە،
بولغۇسى گۇناھى ئاخىر ئۆزىگە.

بولىمىز بەزىدە چاشقانلارغا يەم،
تىنماستىن غاجىلاپ قىلدى بەك ئەلەم.

ئەيلىدۇق بىز بايان ئاھ - زارىمىزنى،
ئېچىنار كۆرسە كىم بۇ ھالىمىزنى.

بىز ئۇچۇن پەرۋانە جاپاكەش دېھقان،
قانچىلىك تەر تۆكتى؟ ئويلايلى ئوبدان.

كېلىدۇ مىڭ قېتىم مايسا قېشىغا،
يېگىدۇ جاپالار كەلسە بېشىغا.

قىلمىساق ئۇلارنىڭ ئەجرىنى ھۆرمەت،
سارغىيىپ ساماندەك تارتىمىز كۈلپەت.

جاپالىق يىللاردا جەڭچى ئوغلانلار،
ئاتلىغان چاغلاردا تاغۇ - داۋانلار؛

تارتقاندا ئۇرۇشنا ئاچلىق دەردىنى،
يېگەنغۇ «پىشۇرۇپ» خەيىنىڭ چەمىنى.

سالغاندا تەھدىتلەر ئەل ـ يۇرتقا ئاپەت،
ئەدەكنى ئۇن تارتىپ يىگەن جامائەت.

ئاشۇنداق كۈنلەرنى چىقارسا ئەستىن،
پەس كۆرسە بىزلەرنى ھەتتاكى خەستىن؛

بولىدۇ ئاخىرى ئۇنىڭ ھېسابى،
تارتقۇسى ئىسراپخور ئاچلىق ئازابى.

ساۋاقنى ئۇنتۇلۇپ قالماڭلار، دوستلار،
بىزلەرنى ھەم بۇزۇپ ـ چاچماڭلار، دوستلار! ...

1995 ـ يىل، نويابىر

## تۆۋەندىن سادا

خىزمەتچى، ئىشچى ھەم دېھقان نامىمىز،
پۈتۈكلۈك دەپتەرگە ئىسىم ـ زاتىمىز،
جاپالىق ئورۇندۇر ئىشلەش جايىمىز،
قەدەمدە مۈشكۈلنى يېڭىپ بارىمىز،
چاقنايدۇ تارىختا شەرەپ ـ شانىمىز.

بىز شۇنداق جاپاكەش ـ ياۋاش ئىنسان بىز،
بولىمىز باشلىغان يەرگە راۋان بىز،
قىلىمىز تەر تۆكۈپ تاغنى تالقان بىز،
ياسايمىز يەڭ تۈرۈپ چۆلدە بوستان بىز،
ئۇرغۇيدۇ بىلەكتە كۈچ ـ مادارىمىز.

بواغاندەك ئاينىڭمۇ يۈزىدە داغى ،
ئەمەستۇر يۈرتىمىز نۇقساندىن خالى ،
ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ ئاۋامنىڭ زارى ،
بولمىغاچ بەزىدە ھېچكىمنىڭ كارى ،
تىزىلدى مارجاندەك پىكىرنامىمىز .

يۈك ئېغىر ۋە لېكىن تۆۋەندۇر مائاش ،
مۇمكىنمۇ بىزلەرگە ئۇنىڭسىز ياشاش ؟
بولىدۇ ھەر ئۆيدە نۇرغۇن دەتالاش ،
ئاي يېرىم بولماستا باشلىنار ۋايساش ،
سېرىقتال ھالەتتە تۇرمۇش - ھالىمىز .

قايتىمىز قۇرۇق قول بارساق بازارغا ،
يېتىشمەي قۇربىمىز ئۈستۈن باھاغا ،
كەملەيدۇ پۇلىمىز گۆش ، سەي ، ماتاغا ،
ئۇچرايمىز ئۆيلەردە تەنە - تاپاغا ،
قاقشاشتىن ئۆزگە ھېچ يوق ئامالىمىز .

ساقلىسۇن ئىلاھىم ئاغرىق - سىلاقتىن ،
باش قاتار نەچچە خىل چىققان چاتاقتىن ،
پۇل كېلىپ بولغۇچە سەھرا - يىراقتىن ،
ھەيدەيدۇ بەزىدە بالنست - ياتاقتىن ،
ۋاقتىسىز ئۆچىدۇ ھايات شامىمىز .

پارىخور ، چىرىكلىك قىلدى بەك بىزار ،
قالسىمۇ ئۇر - ئۇرغا تارتمىدى ئىزا ،

يېتىشمەي قالغاندەك ئەل بەرگەن غىزا ،
يىغمىدى نەپسىنى كار قىلماي جازا ،
قايىندى پورۇقلاپ سەۋر جامىمىز .

داۋالاش راسخوتى ئالماق بەك قىيىن ،
يەتسە جان ھەلقۇمغا دەيدۇ : « كەل كېيىن ... »
ئۆتكۈزەر پۇرسەتنى بەرمەي بىر تىيىن ،
چاپىدۇ پۇل ئىزدەپ ئوغۇل - قىز ، كېلىن ،
ئېزىدۇ دىللارنى پەرياد - نالىمىز .

تويلارنىڭ كۆپلۈكى دېگۈزەر « ۋاي - داد » ،
كېلىدۇ ھەر ياندىن باغاقلار قات - قات ،
قورساقنى ئاچ قويۇپ چاپتۇرىمىز ئات ،
تۇيۇلار بارمىساق نومۇس ھەم ئۇيات ،
« كاتتىلار » ئالدىدا چېنىپ قالىمىز .

سېلىقمۇ ئاز ئەمەس نامى « ئىئانە » ،
تۇتىدۇ ماڭاشتىن زاۋۇت ، ئىدارە ،
بىر قېتىم بېرىشلا قىلماس كۇپايە ،
بۇيرۇقنا بويسۇنماي بىزدە نەچارە ،
ئېلىنماس نەزەرگە ئىلتىجايىمىز .

يىغىنلار شۇنچە كۆپ بولمىدى ئىش ھەل ،
تۈگىمەس مەسلىھەت كەلسىمۇ گەر سەل ،
ئەرزدار قاتنايدۇ قويۇۋەتمەي بەل ،

قاچانمۇ ساقىيار سۆرەلمە كېسەل ؟ !
« بۇ قانداق ئىستىل » دەپ ئويلاپ قالىمىز .

ساختا مال بازارنى كەتتىغۇ قاپلاپ ،
ساتىدۇ ئۆپكىنى قويرۇق دەپ داڭلاپ ،
قولاقلار پاك بولدى ماختاشنى ئاڭلاپ ،
تۇۋلايمىز بەزىدە ئوغىمىز قايناپ :
« ئۇچرىغان يەردىلا ئوتقا سالىمىز ! ... »

شۇندىمۇ قىلىمىز سەۋرىيۇ تاقەت ،
شۈكۈر دەپ ئۆتىمىز چەكسەك رىيازەت ،
پارتىيەم ئۇلۇغۋار باردۇر ئادالەت ،
ئاۋامغا كۆرستەر شەپقەت - شاپائەت ،
ئۈمىدۋار روھ بىلەن ياشاۋاتىمىز .

1995 - يىل ، دېكابىر

## سۈيىقەستچىگە خىتاب

قولۇڭنى سۈيىقەستتىن تارت ، ئىشىڭ تۈپتىن خاتا بولدى ،
سېنى كۆرسە قاچار ھەممە ، گويا ئىسمىڭ ۋابا بولدى ،
سېنىڭدەك بەدنىيەتلەرنىڭ يۈزى چۈشتى ، قارا بولدى ،
ئۈيۈشتى ئەل ئۇيۇلتاشتەك ، ساڭا نەپرەت جازا بولدى ،
قىلىپ ئوق قەھرىنى خەلقىم ساڭا ئاتتى لاۋا بولدى .

× × ×

ئەگەر قوزغالسا بىر ھەرىكەت راسا تۇغدى كۆنۈلۈڭ شۇ چاغ ،
تازا غالجىرلىشىپ كەتتى مىجەز ، پەيلىڭ ، خۇيۇڭ شۇ چاغ ،
سوزۇپ بوينۇڭنى قاقىردەك گىدەيتتىڭ خوپ بويۇڭ شۇ چاغ ،
« پاخال » توپلاش ئۈچۈن قاتراپ كۆپەيگەچكە يولۇڭ شۇچاغ .
ئازابىڭدىن تالايلارنىڭ يۈرەك باغرى يارا بولدى .

قولۇڭدىن چۈشمىدى دەپتەر ، نېمە كۆرسەڭ يېزىپ ماڭدىڭ ،
تېپىنگە ئەرزىمەس پىتنە - پاساتلارنى تىزىپ ماڭدىڭ ،
ئېلىپ سىر دوستلىرىڭدىنمۇ ، ئۇنىڭغا گۆر قېزىپ ماڭدىڭ ،
خۆدۈڭنى يوقىتىپ ، تەلۋىلىشىپ يولدىن ئېزىپ ماڭدىڭ ،
مانا « ئۇر - ئۇر » غا قالدىڭسەن ، كېسەلىڭ بىداۋا بولدى .

ئېلىپ بۇيرۇق خوجايىندىن پالاقلاپ قۇترىدىڭ ھەريان ،
تۇخۇمغا ئۈندۈرۈپ تۈكنى « ئۆزۈمنىڭ راست » دېدىڭ شۇئان ،
« پېقىر خالىس گۇۋاھچى » دەپ ئۇيالماستىن سېلىپ چۇقان ،
ئۇۋال قىلدىڭ بىلىملىككە تۇيۇقسىز چاپلىدىڭ بۆھتان ،
ئىسىت ، قانچە گۇناھسىزلار كىيىپ قالپاق « ئادا » بولدى .

پىلانلاپ كۈندە مىڭ سۇيىقەست ئاقاردى غەم بىلەن باشىڭ ،
كىشىگە ياغدۇرۇپ ئاپەت ھۇزۇرلاندى سېنىڭ جانىڭ ،
جاھانغا كەڭ تارالغاندۇر رەزىللىك بابىدا نامىڭ ،
پۇشايمان ئىلكىدە ئەمدى ئېقىپ كەلكۈن كەبى ياشىڭ ،
بولۇپ ئاشكارا شۇم پەيلىڭ گېپىڭ ئۆتمەس ماتا بولدى .

كاساتلاشتى بازارىڭمۇ، قىلىپ تووۋا ھوشۇڭنى تاپ،
ئۇپا ـ ئەڭلىكنى سۇرتسەڭمۇ يوشۇرالماس سېنى شۇتاپ،
ئۇنىڭدىن تەگمىگەچ ھېچ نەپ سېھرىگەرلىك دۇكاننى ياپ،
ھالال ئىشلەپ ياشاي دېسەڭ تۇرۇپ يەڭ بەيگىدە ئۆز ـ چاپ،
خاراپتۇر بولمىسا ھالىڭ، يېڭى قانۇن جاكار بولدى.

1995 ـ يىل، دېكابىر



# دىلرەباغا مەكتۇپ

( شېئىرلار )


ئاپتورى : ئۆمەر ئىسمائىل

مەسئۇل مۇھەررىرى : تۇردى يامغۇر

مەسئۇل كوررېكتورى : ئارزۇگۈل سىدىق


---


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى : 1092 × 787 م م ، 32 / 1

باسما تاۋىقى : 4.5 ، قىستۇرما ۋارىقى : 2

1997 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

1997 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

تىراژى : 5080 ــــ 1

---

ISBN7—5373—0587—0/I. 151

باھاسى : 3.50 يۈەن

本集子选录诗人一部分优秀的诗作。

# 致心上人的书

（诗集）

作者：乌麦尔·斯马易
责任编辑：图尔迪·亚米古尔
责任校对：阿尔祖姑丽·司迪克

喀什维吾尔文出版社出
新 疆 新 华 书 店 发 行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米 1/32开本 4.5印张 2插页
1997年8月第一版 1997年8月第一次印刷
印数：1——5080

ISBN7—5373—0587—0/I.151（民文）
定价：3.50元

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : غەيرەت خالىق

ISBN 7-5373-0587-0

9 787537 305877 >

ISBN7 — 5373 — 0587 — 0

I. 151(民文)　　باھاسى : 3.50 يۇەن